# تارىخ----بىز ۋە مىللەت ، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى

يوللىغۇچىدىن: ئاتاقلىق ئۇيغۇر شائىرى ۋە تارىخچىسى موللا شاكىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە تارىخ سەھىپىسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن تۆھپىسى بار شائىرلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

موللا شاكىر 1802- يىلى تۇغۇلغان بولۇپ، ۋاپاتى توغرىلىق ئېنىق مەلۇمات يوق، " زەپەرنامە " ئاپتورنىڭ يىرىك ئەمگەكلىرىنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئەسەرنىڭ بىرنەچچە خىل قولىيازما نۇسخىسى ساقلانماقتا. بۇ داستاندا ئاقسۇ خەلقىنىڭ مانجۇ ئىستىبداتلىرىنىڭ زۇلمىغا قارشى كۆرىشى ۋە باتۇرلارچە ئېلىپ بارغان ئۇرۇشلىرى تەسۋىرلەنگەن بولۇپ، بىز بۇ قېتىم بۇ ئەسەرنىڭ " ئاقسۇ ئەدەبىياتى " ژۇرنىلىنىڭ 1981- ۋە 1982- يىللىق سانلىرىدا تونۇشتۇرۇلغان نۇسخىسى ئاساسىدا تور بېتىمىزگە يوللىدۇق. بۇ نۇسخىدا ئەسلى ئەسەرنىڭ تىلىغا سادىق بولۇش ئاساسىدا بۈرۈنقى ئۇيغۇر ئېلىپبەسىگە كىرگۈزۈلمىگەن " ئۆ، ئۇ " ھەرپلىرى ھازىرقى ئىملا قايدىسى بويىچە قوشۇلغاندىن سىرت، ئەسلى ئەسەردە ئىزاھات بېرىلگەن سۆزلەر قىزىل رەڭ بىلەن بېرىلىپ يان تەرىپىگە ئىزاھاتى بېرىلدى. ئۇنىڭدىن باشقا سۆز ئىبارىلەر ئۆزگەرتىلمەي ئەينى بويىچە بېرىلدى.

ھۆرمەت بىلەن: ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى

ئەسەرنىڭ ULY يېزىقىدىكى نۇسخىسى:
<http://www.biliwal.com/GoogleTap_SG_post_t_1524.html>

سىرىلىك USY يېزىقىدىكى نۇسخىسى:
<http://emeren.narod.ru/Molla_Shakir_zepername.html>

ئېلكتاب ياسىغۇچى : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>>دىن ئۇيغۇر ئوغلى

ئېلكتاب تارقاتقۇچى : ئۇيغۇر ئېلكتاب تورى

www.uyebook.com ياكى www.uyebook.cn

ماتېرىيال مەنبەسى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى تور بېتى

http://www.orkhun.com

تورغا يوللىغۇچى : ئورخۇن ئۇيغۇر تارىخى توربېتىدىكى Yawuz ئەپەندى

# زەپەرنامە

## موللا شاكىر

موللا شاكىر ئۆز زامانىسىدا ئۆتكەن مۇئەللىپلەر ۋە شەرق يازغۇچىلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە " زەپەرنامە " داستانىنى باشلاشتىن ئىلگىرى " ھەمد " ۋە " نائىتلەر "نى يازغاندىن كېيىن داستانىنىڭ بىر بۆلۈمىنى قوزغىلاڭغا باشچىلىق قىلغان خوجىلارنىڭ تارىخىغا بېغىشلاپ شۇنداق يازىدۇ:

مۇبارەك ئاتى ئاتى خۇاجە سەييد جاما،

ئولەر قۇتبى ئەقتاپ ساھىپ كامال.                    ئۇلۇغ كىشى مەنىسىدە

بەشارەت بېرىپ ئەردى خەيرى بەشەر،                    ئادەمنىڭ ياخشىسى

دىدى چىنى ماچىنغا ئەيلەڭ سەپەر.

بار ئەرمىش بۇ ماچىندا شەھرى كېتەك،

قىرىق شەھەر دېدى بەزىلەر قىرىق يەك.

دۇئا بىلەن ئەيلەڭ ئۇلارنى ھالاك،

ھەممە قەۋمى بەد قاغۇسى زىرى خاك.                    توپا ئاستىدا

بارۇرسىز مازار تاغ بىلە ئەردەۋىل،                    ئاقسۇنىڭ بۇرۇنقى نامى

ئۆتەر ئۆمرىڭىز دەۋرى ئون ئىككى يىل.

كى ئاباد ئېتىپ ئەيلەڭىز خانىقاھ،

...............................................

بولۇر ئول زەمىن مەنزىلى تەكيەگاھ.

...............................................

ئاتا ئەيلىمگەي ھەق ساڭا بىر ئوغۇل،

كۆڭۈل بولماغاي شادلىقتىن مۇلۇل.

مۇبارەك ئاتى مەۋلەۋى ئەرشىدىن،

ئۆزى قۇتپىدۇر مۇرشىدى راھىدىن. دىن يولىغا باشلىغۇچى

مۇسۇلمان بولۇر تاغدا تۇغلۇق تۆمۈر،

بولۇپ ئەھلى ئىسلامدا ئەتكەي ئۆمۈر.

ئىلە شەھرىنى دىنى ئىسلام ئاچىپ،

جەھان سەپھەسىغە جاۋاھىر ساچىپ.

ئىلەنىڭ ئاتى ئەردىكى بولغۇسۇن،

بايان ئەيلەيىن مەخپى سۆز قالماسۇن.

ئۇلار مەنزىلى بولدى بولدى شەھرى كۇسەند،

بولۇپ مەخپى سۆزلەردىن ئاگاھسەن.

كۈسەندىنىڭ ئاتى بولدى ئاندىن كۈچا،

كۈچادا بولۇر مەنزىلى تەكيەگاھ.

تايانچ بازا، قورغان، قەلئە

كۈچا شەھرىنىڭ چۆرەسى تاشدۇر،

خوجام مەنزىلى كىم چاھار باغدۇر.

كۈچا شەھرىدە شاھى ئالىي جاناپ،

تولۇق قىلدى مەشرىقدا ئول ئاپتاپ.

گەھى ئەيتۇر ئەردى خالايىققا دەرس،

مۇرىد تەربىيەت ئەيلەدى ئەلغەرەز.

سۆزنىڭ قىسقىسى

بۈگۈر، كورلا ۋۇ شەھرى تۇرپان، قۇمۇل،

قىلىپ جانۇ دىل بەيئەتنى قوبۇل.

كۈچا شەھرىنى ئەيلەدى پايتەخت.

قىلىپ پادىشاھلىقنى ئۇلنىڭ بەخت.

يانا كاشغەر، ياركەندۇ، خوتەن،

تۇتۇپ يارلىقنى ھەممە جانۇ تەن.

يانا شەھرى بەر -بەر بىلەن ئەردەۋىل،

خەلق رىۋايەتلىرىگە ئاساسلانغاندا ئۈچتۇرپانىنىڭ ئەرەپچە ئىسمى

تۇرۇپ خىزمەتتە ھەممە جانۇ دىل.

************************************************************

كەل ئى ۋەتەنگۈي بىر سۇخەن سازقىل،

قىلىپ قىسسە كۆتە سۆزۈڭ ئازقىل.        قىسقا

كى يۈز يەتمىش ئۈچ يىل سەككىز شەھەر،

خەلق ئۈستىدە تاپتى مەنچىلىك زەپەر.

بۇ مۇددەتتە مەنچىڭلار، قالماق سوراپ،

رەئىيەتنى قىلدى ئۇلار بەك خاراپ.        پۇقرا، خەلق

كېتىپ ئىلگىدىن شۇنچە مۇددەت ئۆتۈپ،

خوجاملارغا كەلدى پەلەك چۆرگۈلۈپ.

كېتىپ ئاتمىش بەشتە قالماق تامام،

كى يۈز سەككىزىدە بۇ مەنچىلىك مودام.

جاھانگىر كېلىپ ئەيلەدى جەڭگى سەخت،        قاتتىق جەڭ

بۇل كاشغەردە قالدى ھەممە تاغۇ ـ تەخت.

يانا قىلدۇرۇپ كاللا بىلەن مۇنار،

بۇ كاشغەر زېمىنىغا كېلىپ ئۈچ قاتار.

قاچىپ كەتتىلەر يايداغ ئاتقا مىنىپ،

بۇ ئالتۇن، كۈمۈشنى مەنچىڭغا بېرىپ.

**************************************************************************

پېقىرغا دېدى بىرنەچچە يارى خاس،

نەچچە ئەھلى بەزمى جاۋاھىر شۇناس.

قىلىنسا بۇ جەڭنامىنى بىر كىتاب،

ئوقۇغان ئىشتكەنلەر تاپقاي ساۋاپ.

ئۆمۈردە باقى يوق، بۇ پانى جاھان،

قالۇر دەھردە ئۇشبۇ نام ـ نىشان.          دۇنيا

ئۆزۈم ھەم قېرى، ئاجىزۇ ـ بى قوبۇل،

مىزاجىم زەئىپ ئەردى تەبىئىم مولۇل.

بۇ سۆز نەزمىم قىلغۇنچە يوقتۇر جامال،

بۇ زېھنىم پاراكەندە ئۆزۈم كەنگ لال.          پاراكەندە = ئۇنتۇتقاق.   كەنگ = گاچا.     لال = تىلى كالۋالاشماق

سۆزۈمدە گەر بولسا سەھۋۈ، خاتا،

بولۇۋېتۇ كەرەم بىرلە قىلغىل ئاتا.

كىتابىمغا قويدۇم " زەپەر " نامە ئات،

تىزىم نەزمگە سۆزنى بائىشقات.

*******************************************************************

كەل ئى ۋەئىزىگۆي ئەيلىگىل راۋىيان، نەسىھەت قىلغۇچى. رىۋايەت قىلغۇچى

قىلىپ ئاقسۇدىن بىر داستان.

بۇزۇلمىش بىر ۋاقتىدا شەھيار، كۇچا،

كۇچاردىن خۇرۇج ئەيلەدى بىر خوجا. قارشى چىقماق

بۇ ئامبان ئىشتتى بىر يەڭلىغ خەبەر، شۇ چاغدىكى مەنچىڭنىڭ بىر ئامبىلى

ئىچىگە توشتى ئۇنىڭ بىر شۇرى شەر. تەشۋىش

ھېكىم بەگنى قىچقىر، دېدى شۇل زامان،

قاراڭغۇ كۆزىگە بۇ روشەن جاھان.

دىدى، ئى سايىد بەگ ئىلاجىنى قىل،

بايان ئەيلە بىزلەرگە روشەن دەلىل.

چىقىپتۇ شۇ كۈنلەردە بىر شىرى نەر،

بارابەر بولۇرغا قېنى ياخشى ئەر.

مابادا چىقىپ باي ۋە سايرامغا،

كېلۇر ئاقسۇغا سۈبھىدىن شامغا.

يىغىلدى ھەممە ئەھلى سەردارى چىن،

كېڭەش ـ مەسلىھەتلەر قىلدىلەر ئانچۇنىن.

كى دارىن غالداي دالۇيەسى،

فىيە، چىڭشا يۈن، زۇڭيا ۋۇ شويەسى.

ھېكىم ئىشىكئاغا، غەزنىچى، شاڭ بېگى،

بۇ ئىشغۇلۇ دىۋان، مىراب مىلك بېگى.

كېلىپ بىر تەرەپتىن چېرىك ئامبانى،

بۇ سۆز چىن مۇدۇر، بارمۇدۇر يالغانى.

بۇ ئامبان دالۇيە چېرىك خۇمەس،

بۇ تاشلاڭ بولۇپتۇ ھېلى نان يىمەس.

ئەركەك شىر، باتۇر مەنسىدە

كېلىپ باي سايرامدا چېرىك يىغار،

ئۇلار پاشا ئەردى بولۇپ ئەمدى مار.

بۇ ئونباش بىلەن قوشتاي يانجىدىن،

بۇ نەييۇت، دابانچى، شاختۇرا كانچىدىن. يۇقارقىلار باي ناھىيىسىدىكى يەر نامىلىرى

ـــــ تايىيارلىغۇچىدىن

دېدى خۇنرىزلەر كەلسە لەشكەر يىغىپ،

بارابەر بولۇر ئالدىغا كىم چىقىپ.

دېدى سايىد بەگ ئىلاجى نەدۇر؟

بۇ ئەيغان سۆزۈڭنىڭ جاۋابى نەدۇر؟

بۇ قۇربان بىلەن ئەيباۋاڭ ـ ئەيىيۇپ قېنى؟

بۇ زىۋازىلەر يوق قىلىپتۇر ئېنى.

بۇ تۇنگان بىلەن چەنتۇ بولدى شېرىك،

ئۇلار ئەمدى قويمايدۇ بىزنى تىرىك.

ئەگەر ئاقسۇدا بولسا ئەيۋاڭ ھايات،

قىلۇر ئەردى بىزنى غەمدىن نەجات .......

بۇ نەنلۇ ۋە باچىڭدا جۇڭۋاڭ ئىدى، جەنۇپتىكى ئالتە شەھەر.

سەككىز شەھەر

بىلىشلىك ئەجەپ تۇرپە دانا ئىدى. ئاجايىپ

بىجىنگە بېرىپ خاننى كۆرگەن ئۆزى،

كى تۇپراقتا ئاغۇشتە ئايدەك يۈزى. بۇلغانماق

ئۇلۇغ خاننىڭ ئالدىدا كۆپ ئىئتىبار،

كى چىن كۆڭلى بىرلە ئىدى بىزگە يار.

بېجىندە بولۇپ جۇڭشى خان قىلدى ياد،

كى دۇۋاڭ ئاكا ئەيلەگەن ئىلتىپات.

كى شاڭيۇڭ ئەنى تۇتقان ئەردى ئەرز،

ئىدى ساھىبۇل ئەقىل ساھىپ تەمىز. ساھىبۇل ئەقىل = ئەقىل ئىگىسى ساھىپ تەمىز = پەرق قىلغۇچى دانا

كى خاندىن كېلىپ خالتە ساۋغەسى،

كېلىپ يانبۇدىن ئوتتۇز ئالتىسى.

كىيىملىك كىلۇر خانغا كۈچلۈك تاۋار،

كى چوڭ ۋاڭلىغى پىسسە ۋۇ تاجدار.

بۇ تۇڭچى ئۇنىڭ قەددەنى بىلمەدى،

بۇ چانتۇ دېدى، كۆزىگە ئىلمادى.

كى خان قاشىدا ئەردى دانا ۋەزىر،

بۇ مەنسەپ بېگىگە ئىدى دەستىگىر.

بۇ كەلگەن خەتنى ئوقۇپ ئاشكار،

بۇلار ھەممىسى يىغلاشىپ زار- زار.

بولۇپ جەمئىي ئۇلار باردى بۇتخانەگە،

سىرىن ئەيتمامادى بەلكى ھەمخانەگە.

ھەممە ئۇشبۇ ماتەمدە تۇتتى ئازا،

بۇ غەم - قايغۇ ئەندىشە بولدى غىزا.

ھەممە بۇز ئىگىن بىلەن ماتەم تۇتۇپ،

ساما سالدى گوياكى ئىتتەك ھۇلۇپ.

بۇ ئۆلگەنلەر ھەققىدە پوجاڭ ئاتىپ،

بۇ دارىنلەرنىڭ ئەمدى باشى قاتىپ.

ئەزىز خان بىلەن چاڭلۇڭ جانىن قىنى،

بۇ دۇۋاڭ بىلە شاڭخۇڭ، تۇڭچى قىنى.

بۇ ئۆتكەنلەرنى يىغلاشىپ قىلدى ياد،

مىسالى بۇ كوھنە جاھاندۇر رابات.

ئەزەلدىن دېدى بۇ جاھان بىۋاپا،

بۇ ئۆمرۇمدە دۆلەتنە يوقتۇر ۋاپا.

نەدۇر يىغلاماقتىن بىزلەرگە سود، پايدا

جاھاندا ھەممە بولدىيۇ ھەم نەبۇد. بولمىدى

كى ئەيۋاڭغا قىلىپ ئەردى ئادەم سېنى،

تاپىپ تاجلىق ئالدىڭىز تەختىنى.

بولۇپ ئەردى كاشغەرگە قۇتلۇق ھەكىم،

بۇ يەڭلىغ بولالىغان ئەمەس ھېچكىم.

بۇ دۆلەتنى ئەيۋاڭغا خىزمەت قىلىپ،

دېدى تاپتىڭىز ماڭا ئىززەت قىلىپ.

ئۇلۇغلارغا خىزمەتنى قىلغان كىشى،

بۇ يەڭلىغ بولۇپتۇر ئىنىك كاج ئىشى.

بۇ ئامبان ھېكىم بەككە قىلدى سوئال،

سورايمەن دېدى ئەيتىڭىز بىمالال.

دېدى ئى ھېكىم بەگ ئاتالى كىم ئىدى،

نە يەردىن بۇ مەنسەپنى تاپقان ئىدى.

ھېكىم بەگ ئاتاسىن قىلالماي بايان،

جاۋابىن بېرەلمەي باقىپ ھەر قايان.

باشىن ئىرغاتىپ قاشىن تەۋرەتىپ،

بۇ ئامبان كۆلۈپ ئۇل زامان سۆز قاتىپ،

دېدى ئى سايىد راستىنى ئاڭلادىم،

ھېكىملىقنى باشتىن ساڭا شاڭلادىم.

دېدى ھېكىم بەگ خۇدانىڭ ئىشى،

ھەجەپ كاجگۇندۇر پەلەك گەردىشى.

بۇ دارىن ھېكىمنى قىلىپ ئىمتىھان،

بىلۈرمەن دېدى راستىن قىل ئايان.

*************************************************

كۇچاردا ئاتام ئەردى شەيخى مازار،

قەلەندەرچىلىكتە يۈرۈپ خارۇ - زار.

ۋە لېكىن سەھەرلەردە بىدار ئىدى،

ھەمىشە مازارلاردا يىغلار ئىدى.

ھۇنەر يوق، ئاتام ئەردى بىر نامۇراد، بەختسىز

مىنەرگە تاپالماي ئېشەك بىرلە ئات.

تېرىلغۇ قىلۇرغا قېنى يەر، سۇ،

كۆلانى كىيىپ دەر ئىدى ھويى ھو.

كى ئارام ئالالماس ئىدى بىر سەلىم،

قولىدا ھاسىسى يېنىدا چىلىم.

ئىشى دايىما بەڭ، تاماكۇ چېكىپ،

قولىدا راۋابىنى ناخۇن چېكىپ. تىرناق بىلەن چېكىپ

ئوقۇر ئەردىلەر ئاشىقانە غەزەل،

بۇ يەڭلىغ ياراتمىشىن ئانى لەم يەزەل. خۇدا

باشىدا كۆلاھى قولىدا سوتا،

كۆكۈلدە خۇداغا قىلىپ ئاھۇ ۋاھ.

بۇ دارىنىغا ئەينى ئاتامغا يوق ئىش،

كى مېھنەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ يازۇ - قىش.

سايىد بەگ قىلىپ سۆزىنىڭ راستىنى،

يوشۇرماي كۆرۈپ ئەردى جان دوستىنى.

بۇ ئامبان كۆلۈپ بارچە تۇرغان سىپاي،

تىزىغا قاقىپ ئەيدىلەر هاي - هاي.

كى بىزلەرگە قىلدى ھېكىم راستلىق،

دېدى راستلىق مەردى شاھبازلىق. يۈرەكلىك، باتۇر

خۇدايىم پادىشاھنى گادا،

گادا گاھىدا ئەيلىگەي پادىشا.

****************************************

كەل ئى نوكتەدان بىر سۆخەن سازقىل، نوكتەدان = زېرەك، ئەقىللىق
سۆخەن = سۆز

قىلىپ دەستان قىسسە ئاغازقىل. باشلىماق

ئاتاسى سايىدنىڭ ئىدى توختى شاھ،

مەمەت تاجى بەككە ئىدى ئول تاغا.

كۆلانى قويۇپ كەيدىلەر موزانى،

كۆرۈڭكىم بۇ بەد ئەسلى مەي گوزانى.

ئاناسىنىڭ ئاتى بى بى رابىيەدۇر،

تەلەيدىن ئۆزى مەقسىدى كەئبەدۇر.

ئۆزى پەنچى ۋاقىت دائىما سەۋم ئىدى، پەنج ۋاقىت = بەش ۋاق، نامازدىن كىنايە سەۋم = روزا

كېچىلەردە بىدارۇ بىنەۋم ئىدى. نەۋم = ئۇيقۇ

ئاتانىڭ دۇئاسىنى قىلدى قوبۇل،

خۇدايىم ئاتا قىلدى ئىككى ئوغۇل.

قۇتلۇق بەگ، سايىد بەگ بۇ ئىككى ھېكىم،

بولۇپ شاھلىق تەختىدە مۇستەقىم.

ئاتاسى بولۇپ كاشغەردە ۋاپات،

ئاناسى يۈرۈپ ئەردى ئۆلمەي ھايات.

كى ھاكىم بولۇپ ئاقسۇغا شاھ سايىد،

بۇدادىن بولۇپ بەخەبە شۇم پەلىدە.

ئىچىپ كەركۈنى ئۇردا ئىچرە ئاراق،

كى مەيخادەلىق بىرلە تۇم - تاراق.

هاراقكەشلىك

زىناۋۇ زالالەتدە پىسقۇ پۇجۇر، زالالەت = ئازغۇنلۇق پىسقۇ

پۇجۇر = ئەخلاقسىزلىق، بۇزۇقچىلىق

يېتىشتى ئاخىرى دەۋلەتكە پۈتۈر. زىيان

تاپىپ هەركۈنى ئۇردا ئىچرە جالاپ،

جالاپ بىلەن يەيدۇ تائامۇ كاباپ.

نامازۇ نىياز بىرلە يوقتۇر ئىشى،

بولۇپ زۇلمى ناهەق ئىنىك قىلمىشى.

قىلىپ ئاشكارە بۇ پىسقۇ پاساد،

ماتائىي شەرئەتنى قىلدى كاساد.

بۇ شەرئىي سەرىبگە بويۇن تولغادى،

ئەزىزانە ئاقسۇ ئۇنى قوغلادى.

ئاناسى نەسەهەت قىلىپ يىغلادى،

دىگەن سۆزلەرىنى قوبۇل تۇتمادى.

يوق ئەردى ھېكىم بەگدە دەستۇرخان،

رېزادۇر ئەگەر نان ئۈچۈن چىقسا جان.

ئۆزى تۈندە خۇي پاسقۇ ھەم بېخىل، خۇيى يامان

خۇيى پەيلى مانەندى ئەبۇ جەھىل. مانەندى = ئوخشاش، ئەبۇ جەھىل = يامان بىلەن نام چىقارغان ئادەم

نەسىھەت قوبۇل قىلمادى شاھ سايىد،

بولۇپ ئالى مەرۋان ئالى يەزد، قەدىمدىكى زالىم پادىشاھلارنىڭ ئىسمى

ئەيتىپ بى ھايا سەگ خوجىلارغا ئوق، ئىش

بۇ تەھقىق بىلىڭدىن ـ ئىمانى يوق.

كەل ئى موكتەدان ئۆگە سۆزلەرنى قوي،

كېڭەش مەسلىھەتكە قىلىپ جوستە جوي.

دىدى جۆڭشى بولدى ئىلاجى نەدۇر،

ئەگەر خوجا كەلسە ئۇرۇشماق كېرەك.

بۇ جاننىڭ بارىچە ئۇرۇشماق كېرەك.

ھېكىم بەگ دېدى ئۆزۈم جەڭچىمەن،

يېغى بولسا رۇستەم ۋە يا تەھمتەندىن.    دۈشمەن

قاراپ ئەيدى ئامبانغا سىز غەم يېمەڭ،

ئالۇر ئاقسۇنى ئۇشبۇ ئىشىڭىزدىن دېمەڭ.

بۇ شەھيار، كۇچا كىچىك بىر قەلئەدۇر،

ئۇنىڭدىن نە ئەندىشە نە ۋەھىمدۇر.

بۇ ئاز خەلقىنىكى جۇغى قانچەدۇر،

كېلەدۇر بۇ يەرگە جانى نەچچەدۇر.

تاغام كاشغەر تەختىدە ھۆكۈمران،

ئىكزۇم ئاقسۇغا پادىشاھى زامان.

تاپىپ خۇجانى مەن ئۆزۈم جەڭ قىلاي،

جاۋابىن بېرىپ مەن ئۇنى تەڭ قىلاي.

ھەممە كاشغەر، ياركەندۇ، خوتەن،

بۇ خان يارلىقىنى تۇتار جانۇ ـ تەن.

ئۇلار يارلىشىپ بەرسە بىزگە  چېرىك،

بۇ دۈشمەنلەرنىڭ بىرسى قالماس تىرىك.

ئىلەدىن يېتىپ كەلسە قالماق سولۇن،

سۇ ئۈستىدە بولغاي ئۇلار بىر قۇيۇن.

بېجىنگە يېتىپ بارسا ئۇشبۇ خەبەر،

ئۇ يەردىن يېتىپ كەلسە چېرىك ئەگەر.

ئەگەر چېرىك كەلسە بۇ لەنجۇ، شىجۇ،

دېدىلەر يېغى بىر تەرەپكە قاچۇ.

يېغىلسا ئەگەر لەشكىرى بى گاران،                ناھايىتى كۆپ

قۇتۇلماس بۇلاردىن قاچىپ ھېچقاچان.

بۇ تۇرپان قارا شەھەر، ئۈرۈمچى ماناس،

بۇ يەردە چېرىك ھەددىدىن بېقىياس.                سان ـ ساناقسىز

خەبەر ئاڭلىسا بىزگە لەشكەر كېلۇر،

بۇ شەھيار كۆچالىق نە يەرگە بارۇر.

سايىد بەگ دېدى ھۆددەنى مەن ئالاي،

بۇ دۈشمەنلەرنىڭ جانىغا ئوت قالاي.

بۇ دارىن تىزىگە سوقۇپ شۇل زامان،

بولۇپ مانجۇلار خۇدەمۇ شادىمان.

دېدى ئۇ ھېكىم بەگكە تۇتقىل ھاراق،

ئىچىپ بادە مەست بولدى تومتۇم قاراق.

بۇ ماتەم ئىشىن ئارقىغا تاشلىدى،

بۇلار قايتى باشىدىن ئويۇن باشلادى.

بۇ ئامبان قولىغا ئالىپ بادەنى، ھاراق

كى تانلاپ ھېكىم بەگ دىگەن سادەنى.

بۇ دارىن ھېكىم بەگكە تۇتتى ھاراق،

سايىد بەگ دېدى ماڭا كۆزۈ قاراق.

سېنىڭ بار ئىكەن مۇنچىلىك ھىممەتىڭ،

شجائەت بىلەن بار ئىكەن غەيرەتىڭ.

ئۆزۈڭ سەن ئۇلۇغ خانغا لايىق كىشى،

بارابەر بولالماس ساڭا ھېچ كىشى.

بۇ ئامبان قىلىپ دەمبە دەم ئىلتىپات،

يېتىپ خىزمەتىڭ، خانغا ھەم خانەزات.

ھېكىم بەگ قوپۇپ ئانچىنان مۇركىدى،

ئايغىن قۇچۇپ خوش بولۇپ يىغلادى.

ھېكىم بەگ ئۆزى مەردى شەھبازدۇر،

چېرىك نەيىسىگە كۈمۈش ئازدۇر.

بۇ ساڭلاردا ئاشلىق قالىپتۇر ساسىپ،

يېغى كەلسە بىزنى مۇبادا باسىپ.

كۆكەردى بۇ ئاشلىققا، تۇشدى مېتە،

بۇ كەلگەن چېرىكلەرگە قانداق يېتە.

ساسىپ اردىن چىقتى ئاشلىق ئەرىق،

يېمەك تۆھپە بولغاي قىرىقتىن ـ قىرىق.

ھېكىم بەگ دېدى يۇرتدا ئاشلىق تولا،

تولادۇر بۇ ئاقسۇدا قوي ۋە كالا.

چېرىك جەلبەسى يامبۇدىن يەك ھازار، بىر مىڭ

ئىنىك كورلاڭى بولسۇن ئون مىڭ تاغار.

بېرەي ئىككى مىڭ ئات، بەش مىڭ كالا،

بۇ جۇڭشى دىگەن يۇرتقا كەلگەن بالا.

كى مىلىك مىلتىقۇ يەتتە يۈز ئوق يانا،

تۆكۈپ خاندانىنى ئۇل بى ھايا.

كى بىر مىلىك قىلىچ، ئالتە يۈز نەيزىسى،

پەقىرنىڭ ئۇلۇغ خانغا دۇر جۇڭلەسى. ساداقەتلىك. قارىغاندا
خەنزۇچىدىكى 忠 خېتىغا تەققاس قىلىنغان ئوخشايدۇ (يوللىغۇچىدىن)

بۇ تەيپو بىلەن ئالتمىش زەمبىرەك، توپ - زەمبىرەك

خەزىنەمدەدۇر ھەرنە بولسا كېرەك.

بىرەي يەتتە مىڭ مال، بەش يۈز شۇتۇر، تۆگە

كى بىر مىلىك ئېشەك، تاپقانىم ئۇبۇدۇر.

چېرىكنىڭ ئەگەر بولسا ھەر كەم كۈسى،

بىرەر سايىد ھېكىم دوزەخ گۈندىسى.

ھېكىم بەگ بۇ سۆزلەرنى ئېيتقان ھامان،

بۇ ئامبان بولۇپ خۇرەمۇ شادمان.

خەت ئەيلەپ سىنى ئاقسۇغا ۋاڭ قىلاي،

يەنە بەيسەۋۋ تاجىلىق شاڭ قىلاي.

ساڭا ئاقسۇنىڭ مۈلكى بولسۇن جاساق، بىرە ر شەھە ر ياكى

رايوننى بىرە ركىشىنىڭ نامىغا ئۆتكۈزۈپ بېرىش

قىلاللماي ئۆتۈپ ئەردى ئەھمەد ئىزاق.

قىسارسەن لەئەل جۇڭسى مارجانىدىن،

كى كەيشەك تاپارسەن ئۇلۇغ خانىدىن.

قىلىشتى بۇلار ئانچىنۇن كوپتىگۈي،

ھېكىم بەگ دېدى ئاقسۇنىڭ شەھرى ئۇي.

شەھە ر پەستەدۇر ئۇشبۇ دەريا ئېگىز،

نىچۈكتۇر بۇ ئىشنى خىيال ئەتسەڭىز.

قويارلار يېغى كەلسە سۇنى ئاچىپ،

شەھەردە تۇرۇپ بەرسە قىلغاي قەبەل، قامال

چېرىكنى ئالىپ مەن چىقاي دەرمەھەل.

چېرىك بىرلە سايرام، قىزىلدا ياتاي،

كى تاڭشىن قىلىپ يولارنى باغلاتاي. بۇ بەلكىم خاتىرجەم قىلاي

دىگەندىكى 放心 دىگەن سۆز بولۇشى مۇمكىن، ئەسلى ئەسەردە تاڭشىن دەپ ئېلىنغان.

يىقىپ خۇيزانى باي، سايرامدىن،

توسۇپ ئالدىنى شالدىراڭ تاغدىن.

يىغنى ئالۇرمىز سۈنى بەرمەسەك،

كى تاڭشىن قويۇپ ئارقىدىن ئەپلەسەك.

قىلۇرمىز ئانى تەشنەلىكتە ھىلاك،

تومۇز كۈنلىرى بولغۇسى سىنە چاك.

ھېكىم بەگ قىلىپ سۆزلىرىنى ئادا،

بۇ تەئىزىم تاۋازۇئىنى قىلدى بىجا.

بۇ ئامبان تۇرۇپ ئىرغىتىپ باشنى،

تۆكۈپ ئەبىر باران كۆز ياشنى.

سېنىڭدىن كېلۇر بىزگە كۆپ ياخشىلىق،

دېگەن سۆزلىرىك ياغۇ - سۈتتىن ئىللىق.

بۇ ئامبان دېدى بارما مەندىن يىراق،

جۇدالىق ئوتىدا چېكىپ ئىشتىياق.

بۇ بەگلەردە يوق سەندىكى ئېتىقاد،

بۇ تۈنگان خۇنرىزى بى ئېتماد. خۇنرىز = قان تۆككۈچى بى ئېتماد = ئىشەنچسىز

چېرىكنى ئالىپ بارما سايرام سىيان،

ۋە لېكىن ئارامىزدا تۈنگان يامان.

ئېرۇرسەن مېنىڭ تەن ئارا قۇۋۋەتىم،

كى غەم كۈنلىرى مۇنىسىم ئولپەتىم.

ئىرۇرسەن تېنىم ئىچرە ئارام جان،

بۇزۇق كۈلبەم ئىچرە يېڭى مېھمان. كىچىك ئۆي

جاھان باغى ئىچرە ئاچىلغان گۈلۈم،

قەپەس ئىچرە سايرىغان بۇلبۇلۇم.

******************************************

دېدى سىز بارىك ئەمدى ئىشلەنچى خام،

تۇرۇپدۇر قىلۇر ئىشلىرىك ناتامام.

ئىككى يول توغامىدا يولدا ياتىپ،

توسۇپ ئالدىنى كەلگەننى ئاتىپ.

سايىد بەگ ئۇرۇپ ئانچۇنان لاپو قاپ،

بۇ ئامبان قىلىپ چەشمەسىنى سىراپ.　　　　بۇلاق

بۇ ئامبان دېدى شەھەردە تۆنگانى بار،

ئەگەر بولسا شوخەيزە تۆنگانغا يار.

بۇزۇلسا شەھەر بىزگە دىشۋار سەخت،　　　　بەك قىيىن

كېتۇر ئىلكىمىزدىن دېدى تاجۇ - تەخت.

بۇلار ئەيلەدىلەر چېرىكنى شۇمار،　　　　ساناق

بۇ قالماق، مەنچىك دۇسەد يەكھازار.　　　　ئىككى يۈز مىڭ

مۇساپىر، مۇجاۋىر ئىدى يەتتە يۈز،

بۇ خەيلى سىپاھ ئەردىلەر ئىككى يۈز.

مىراخور، باكاۋۇل، بۇرچى، ئۆيچىسى،　　　　ئاشپەز

يەنە ناغرا، كارناي - سۇنايچىسى.

كۆتەرتىپ بۇ كۇنلۇك تۇغ ۋە ئەلەم،

چالىپ ئالدىدا ناغرا ناققارا ھەم.

بۇ پەرراش ئوتۇنچى بىلەن چايچىسى،　　　　كۆرپىچى

ھاپىزلار كېلىپ بىر توققۇز نەغمىسى.

ھەممە ھۆرپەگەر خەلقى ئەھلى بازار، ھۈنەرۋەن

بولۇپ مانجۇ، يەرلىك بازى سەھازار. ئۈچ مىك

چېرىكى ئانىك مىڭدىن ئوشۇق،

ئۇنىڭ ئارقىسىدىن توشۇبدۇر توشۇق.

بۇ سۆكۈ قىماربازنى يىغدى تامان،

كىيەرگە ئىگىن جابدۇقى ئەردى كام.

تۆمۈرچىگە نەيزە قىلىچ ئەتتۇرۇپ،

ئەگەر ئەتمىسە باشىغا تەپتۇرۇپ.

ھۆكۈم قىلدى بەرگىل تۆمۈر يا كۆمۈر،

دېدى ئۇستالار زايە ئەتتى ئۆمۈر.

قازانچىغا قۇيدۇردى قىرلىق چوماق،

ھەممە جابدۇغى پۈتتى يوق ئات - ئۇلاق.

ھېكىم بەگ دېدى دىۋانغا ئات چاپىك،

ئەگەر بەرمەسە گەردەنىگە ياپىك.

نە يەردىكى ئات بولسا ئالدى تالاپ،

يۈرۈپ دوغىلار ئۆيمۇ - ئۆينى بۇلاپ.

شەھەر ئىچرە ھېچكىمدە ئات قويمادى،

ھارامزادە سەگ پۇل ئېلىپ تويمادى. ئىت

قىماربازلارغا بەردى ئاتنى ئالىپ،

خالايىقلارنى يىغلاتىپ قاخشاتىپ.

يامانلارنى يىغدۇردى، كەتتى يامان،

يامانلار كېتىپ بولدى ئاقسۇ ئامان.

دېدى ئاقسۇنى بەرمەگەيمەن قويۇپ،

تۇرۇپمەن بۇ ۋاقىتلاردا جاندىن تويۇپ.

ئەگەر بۇ بۈلۈق كەلسا شەھيار كۈچار،

مېنىڭ لەشكىرىم باردۇر سەدھازار. يۈزمىڭ

بۇ ئامبان دېدى شەھەردە تۆڭگان تولا،

بېرىكىپ يوق ئەتسەك مونى ئەۋۋەلا.

بۇ خۇي - خۇيلارنىڭ ھەر بىرى شىرى نەر،

بىرى قانچە خەلقنى قىلۇر زىر - زەبەر. ئاستىن - ئۈستۈن

دېدى شەھەر ئىچىنى بىسەرەمجان ئېتىپ،

چېرىك بىلەن جامغا يۈرۈڭ ئەزىم ئېتىپ. قەست

سايىدبەگ بۇ ئىشقا نە تەدبىردۇر،

بىلالمام نە چارە، نە تەقدىردۇر.

ھېكىمغا دېدى كۆرسەتىڭ مەسلىھەت،

قايۇ ئىشتا بولغاي ماڭا ئەمنىيەت. تىنچلىق

بۇ ئامبان دېدى ئايلانىبدۇر باشىم،

خىيال ئەيلەسەم كۆزدە تۇرماس ياشىم.

كېچە بولسا ئەمدى ماڭا ئۇيقۇ يوق،

بۇ سىنچاي، تاماكۇ بۆلەك تۆھمە يوق.

كىكىرتەكتىن ئۆتمەيدۇ ئەمدى غىزا،

تىرىك يۈرگەنمگە بولۇپ نارىزا.

كۆڭۈل خوشلۇقى ئۈچ بالام، تەتىيىم،

كى بۇنداق كېلىبدۇر مېنىڭ تەلەيىم.

بۇ دارىن بۇ سۆزنى دېدى يىغلادى،

ئۆلۈمگە ئۆزىنىڭ بېلىنى باغلادى.

ھېكىم بەگ دېدى ئەيلەدىم بىر خىيال،

بۇ خۇيخۇينى ئەمدى يوق ئەتمەك ماھال.

بۇ ۋاقىتدا چېرىك بىزدە بەك ئازدۇر،

بۇ تۇڭگانىلار مەردى شاھبازدۇر.

ھېكىم بەگ دېدى نەچچە كۈن سەبىر ئېتىڭ،

جاھان تىنچلىقتۇر شەھەردە ياتىڭ.

دېدى ئەيلىگەيمەن بۇ ئىشقا ئىلاج،

مۇڭغا سەرپ ئېتەي قانچە بولسا خىراج.

سانايلى بۇ تۇڭگانلار قانچە بار،

بۇ مەنچىڭلىنى ئەيلىگەيلەر شۇمار. سانىماق

بۇلاردىن ئالىپ ھىيلە بىرلە ئەدەد،

كى بىزلەر تۇرۇپ سىزگە قورقماق نەھەد.

بۇ شاڭلۇ ئىمامىغا قىلدى جاكا،

ياشنى ئۇكام دەپ قېرىنى ئاكا.

ساناپ ئۆتكۈزۈلگ خەلقىمىز نەچچە بار،

كى بىر - بىر ئانى ئەيلەدىلەر شۇمار،

بۇ توققۇز يۈز ئوتتۇز يەتتە ئەردى كۇبار. چوك ئەركىشى

ھېكىم بەگ دېدى ئامبانغا سىز شۇك تۇرۇڭ،

كى ھىممەت قىلىپ بوشۇماي بەك تۇرۇڭ.

دېدى بۇ شەھەردە ئۇرۇشماق يامان،

بولۇرمىز دېدى يا ئۆيان، يا بۇيان.

دېدى مۇندا باردۇر بالا - بارقامىز،

بۇ تۈڭگان بىلەن سۈلھى قىلساق بولۇر،

ئاڭا ياخشى ئەيتىپ ياراشساق بولۇر.

دېدى ئۇشبۇ نەۋبەت سۆزۈمگە كىرىڭ،

بۇ تۈڭگان بىلەن ئەھدى پەيمان قىلىڭ.

دېدى سۈلھى قىلساق بولۇرسىز ئامان،

بۇ ئىشدا دېدى يوقتۇر ھىچبىر زىيان.

ئىلىدىن يېتەر بىزگە نۇرغۇن كۆمەك،

نەچچە كۈن دېدى سەبرى قىلماق كېرەك.

غەنىمەت تۇرۇر نەچچە كۈن بىزگە جان،

تاپىلغاي ھايات بولسا يۈزمىڭ جاھان.

بۇ دارىن دېدى سەن ئاتا، مەن بالا،

كى بولغىل دېدى مەن ئىنە، سەن ئاغا.

ئىشتتى بۇ ئامباندىن ئۇشبۇ جاۋاپ،

كېلىپ قاش ئاتىپ تۇردى باشىن سىلاپ.

ھەرنى ئىشنى قىلۇرسەن ئۆزەڭ بىل دېدى.

ئۆزەڭنىڭ خىيالىچە قىلغىل دېدى.

بۇ شاڭلۇ ئىمامىغا بۇ سۆز دېدى،

بۇ سۈلھى قىلىشماقنى مەقبۇل دېدى.

بۇ دارىن قۇيۇپ بەرسە سىزلەرگە چاي،

دېدى سۈلھى قىلساق بولۇر ھاي - ھاي.

كېڭەشتى بۇ تۇڭگانى بەردى جاۋاپ،

ئۇرۇشسا ئىكوۋ سۈلھى قىلماق ساۋاپ.

بېجىن خەلقى خۇيخۇيلار بولسا ياراش،

ئەزەلدىن ئىكۈلان ئىرۇرمىز قاياش.

شەھەر ئوتراسىدا دېدى بۇ مازا،

بۇ شىڭرىن ئۆزى ئەيلىگەن خانىقا.

كى سىزنىڭ ئۇچۇن نەزرىنى مەن بېرەي،

تۈنەي بىر كېچە خانىقاغا كىرەي.

ئاتامدىن قىرىق مالۇ، سەككىز كالا،

دېدى رەد بولۇر باشقا كەلگەن بالا.

كى مىڭ جىڭ گۈرۈچ، جەمئىي يۈز جىڭچە ياغ،

قالارغا ئوتتۇنى يىگىرمە ئۇلاغ.

نانى ئىككى مىڭ، بەش تاغار سەبزەسى،

پەقىرنىڭ بۇدۇر ئاتاغان نەزرەسى.

ئۇلۇغ داشقا سالسۇن كالا بىرلە قوي،

بۇ پوكشكالۇ قۇيماق بىلەن يېدى بوي.

يىغىلدى بۇ تۇڭگانلار خاسۇئام،

بۇ شاكىلۇمۇ ئەززىنلىرى ھەم ئىمام.

بۇ ئەئىلەم بىلەن مۇپتىيۇ ھەم خەتىپ،

بۇ قازى مۇدەررىس بىلەن مۇھتەسىپ.

بۇ ئىشان خەلىپە مۇئەززىن، ئىمام،

ھەممە چوڭ ـ كىچىك ئەھلى قوۋمى تەمام.

يىغىلىپ ھەممە جەمئىي خەيلى سۇپاھ،

بۇ سۇلھى ئىشىغا دېدى مەرھابا.

كى سورۇن قىلىپ تارتىنلار ئابۇ ـ ئاش،

ئۇ دۇخەيلى بىر ـ بىرىگە بولدى ياراش. دۇشمەن گۇرۇھى

سىپارە ئوقۇشتى ھەممە قارىلار،

ھەممە پازىلۇ مۇتتەقى ھاجىلار. پازىل = بىلىمدان

مۇتتەقى = ئۆزىنى پاك تۇتقۇچى

تىلاۋەت قىلىپ بەئىدى خەتمە دۇئا، دۇئانى تۈگەتكەندىن كېيىن

تۇتۇپ ئەھدى قىلدى كالامى خۇدا.

بۇ تۇڭگانلار بىلەن مانجۇ قىلدى ئەھد،

قۇتۇلدى بۇ غەمدىن ھەمە ئەھلى دەرد.

بۇ قارى ئالىپ نەزرى يۈز سەر كۈمۈش،

كۈمۈشتىن خوش بولۇپ قىلدى جۇش.

بۇ ئامبان يۈرۈپ ئەمدى بۇدخانەگە،

يېتىپ باردى يەرلىك سەتەمخانەگە.                بۇتخانا

بۇ غالدا يۇ دالۇيە بىرلە نىيۇن،

پىچىرچى، پىيە، زۇڭياۋۇ، چىڭشايۈن.

چېرىك ئامبانى بىرلە دالۇيەسى،

يەنە باشقا شويا ۋە ما لۇيەسى.

باردى بۇتنىڭ ئالدىغا تۇردى قاتار،

دېدى ئەپۇ ئېتىڭ بىزدىن ئۆتسە خاتا.

كى بۇت ئىرۇر ھەمە  بۇتدىن ئەزىز،

يىكەن ئۈستىگە چاپلاغان بىر سېغىز.

بۇ تەخت ئۈستىدە ھەممەسىدىن بەلەند،

ئىدى قەددى سۈرەتدە ھەم سەربەلەند.                بېشى ئېگىز

باشى ئەردى گۈنبەز، ئانىڭ ئاغزى غار،

ئىككى بازۇسى ئەردى شاخى چىنار. بېلەك

سالىنغان قوساقى ئانىڭ يامىدەك،

مىسالى ئىككى كۆزى جامىدەك.

تاۋانا ئۆزى، يۈزلارىدۇر قىزىل،

قىزىللىق ئىرۇر سىرلاغان ئابۇ گىل.

باشىغا قويۇپ ئەردى زەررىنە تاج، ئالتۇن

بۇ بۇت بى ماجال ئولتۇرۇپ نائىلاج. كۆچسىز

ئاتا تەبىئەت ئەيلەگەن بىر ساقال،

تۇرار نەچچە بۇت ئالدىدا پايىمال.

بۇ بۇتلار تۇرۇبدۇر بۇ ئۆيلەردە زىچ،

تېگىگە ئانىڭ تىزغالى پۇختە خىش.

مۇنى سىرلاغان ئۆگزەسىدۇر ئېگىز،

بۇ ئۆي يوق زىلچە يا كېگىز.

بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدە ئېگىز - پەس سۇپا،

يانا تۆت تەرەپتە ئېگىز كۆرسى با.

قويۇبدۇر سۇپا ئۈستىدە كاتتا تەخت،

تۇرۇبدۇر بۇ تەخت ئۈستىدە يىپرىم تەخت.

ئو شۇل بۇت ئىرۇر ھەممە بۇتتىن يوغان،

بۇ گۈنبەز مەسەللىك ئىرۇر نەۋ جاۋان. ياش

نەچەسى ئانىڭ ئولتۇرۇپ كۆرسىدا،

نەچەسى يانا يانداشىپ ياندا.

بىرىگە بىرى ئوخشاماس ياڭزاسى،

قولىدا تاماكۇ بىلەن غاڭزاسى.

بەرەھمەن قويۇپتۇر، بۇ بۇتنى باقار، بۇتخانا
شەيخى

قېنى باققانى ئاچ قويۇبدۇر باكار.

تۇرۇپ ئالدىدا، بەئىزىسىدۇر ئۆرە،

بۇ چوڭ بۇت دېدىم ھەممىسىگە تۆرە.

ھەممە بۇت دېدىم قانچەدۇر ئى تاغا،

دېدى سى شى چى يا دېدى سى شى با. سى شى چى = 47، سى شى با = 48

بۇ بۇتلار تۇرۇۋىدۇر ھەممە تەشنە، ئاچ،

بەدھىنە ئىگىن يوق ھەممە يالاڭاچ.

كى ھىچ تۆھمە يوق ساڭزا، جىلك موماسى،

كى يوقتۇر كىگىز، يوتقان - كۆرپەسى.

كۆرۈنمەي ئۆيدە چۆگۈن يە قازان،

بۇ ئاشلىق بىلەن رەڭگى بولمىش خازان.

يوق ئىركەن ئۇنى، ياغۇ ئاشلىق تۆلۈك،

ھەممە قوشنىدۇر يوق ئۆزىدە مۆلۈك،

زىمىستان سوغۇق بۇتلار قانداق قىلۇر.

نەچەسى ئۆز ئورنىدا توڭلاپ قالۇر.

بۇلار چوڭ - كىچىك بۇتقا يىغلار ئىكەن،

باقالماي بۇ بۇتلارنى قىينار ئىكەن.

پۇتىدا ئۇنىڭ ئەردى زەرىن كەپش،

قويۇپ ئالدىغا نەچچە تۇرلۇك يېمىش.

بۇ نۇقلى پاتازا بۇ قەندى گىزەك، شىكەردىن ياسالغان يىمەكلىكلەر،

مەنپەسلەر

تۇرار كۈرسى ئۈستىدە ئۇ بىر كىسەك.

بىرسى زېمىستاندا يالغۇز ياتار،

بىرسى قوپالماي تالغۇپ تۇرار.

بۇلۇبدۇر دىدىم ئۇشبۇ بۇت نان يىمەس،

بۇ مانجۇلىغا تىش يارىپ سۆزلىمەس.

يىمىشكە قاراپ باقمىدى بىر قىيا،

ئۇياتچانمىكىن قىلدى ئەلدىن هايا.

بۇ قاتتىق يىمىشكە تىشى ئۆتمىدى،

دىدىم بۇ جەھەتتىن قاراپ باقمادى.

بۇ نۇقلى نابات بىرلە قويدى ئۇرۇك،

ئانى ھەم يىمەي ئولتۇرار بۇ ئۆلۈك.

ئۆلۈكتۈر دىسە ئولتۇرادۇر قاراپ،

يەنە بىر قولدا يۈزنى سلاپ.

ئانىڭدىن بۆلەك باردۇر نەچچەسى،

بۇ بۇتنىڭ ئىرۇر ئەبرى ۋە نەبرەسى.

بۇ بۇتدىن يىراق ئولتۇرۇپتۇر بىرى،

بۇ دەججالنىڭ زىشتى رۇيىدۇر تۇرى. يۈزى سەت

قۇچاغىدا دۇر سۇت ئېمىتكەن بالا،

مۇنىڭدىن بۆلەك ئۆزگە بۇتلار تولا.

بېلى خەم بولۇپ ھەم ئارقامىش باشى، پۈكۈلۈپ

كى يىغلاپ تۇرادۇر ئاقادۇر ياشى.

بۇ بۇت خاتۇندۇر يا ۋە يا دەللىسى،

قېرىنىڭ يانىدا تۇرار پەللەسى.

بۇ چوڭ بۇت ئولتۇرۇپدۇر قاراپ،

ولىدا بالاسى بېشىنى سىلاپ.

بىكاردىن بىكار يىغلاماس بۇ خاتۇن،

سالارغا كىگىز يوق، قالارغا ئوتۇن.

دىدىم ئۇشبۇ بۇت نامرات بۇت ئىكەن،

مۇڭا گۆر كىبەنلىك ئىككى ئات ئىكەن.

.اتىغا تاپالمايدۇر ئارپا ـ بېدە،

كى توڭلاپ قالىبدۇر تۈرار ئورنىدە.

يىمەيدۇ بۇ ئات ئوت، سامان يا بوغۇز،

ۋە يا ئورنىدىن تەبرىمەيدۇ ھونۇز.

بۇ بۈتنىڭ يىمەككە يوق ئەركەن ئاشى،

ئۆلۈبدۇر بۇ خىزمەتتە تۈرغان كىشى.

بۇ بۈتتا كۆرۈنمەيدۇ بۈيى ساپا،

قىلالماس دىدىم ھىچ كىشىگە ۋاپا.

جۇلۇسدا تۈرغان بۇ ئىككى سىيىز،

كىيەرگە ئىگىن يوق، سالارغا كىگىز.

ئانىڭ رەڭگىدىن ئاش يىگەن تەرى يوق،

تۈرادۇر ئۆرە مۈردە بار، قەبرى يوق. ئۆلۈك

بۈراۋ ئەيتادۇر ئۈشبۇ بۈت رەنجىدۇر،

يۈرت مۈنجى لەقۋاۋۇ پالەنجىدۇر.

قۇلاغى ئىشتمەيدۇر، كۆزى بەسىر. قارىغۇ

تەبىبكە ھىلى ئولتۇرادۇر مۇنتەزىر.

كى ئىشىدە بولۇپتۇر ھىلى بۇ كېسەل،

كەبۇتەر كابابى، بۇيۇردى ئەسەل.

تەبىبنىڭ ئۆزى مەردى دانا كېرەك،

دېدى موللا سىدىق تاۋازۇ كېرەك.

بۇ بۇتنىڭ ئۇشۇللار جازاسىن بېرۇر،

كېلىپ شەربەتتىن كى مۇكاسىن بېرۇر.

ئېغىز بۇرنىغا ئۈمۈچۈك تور كىرىپ،

بۇرۇن - ئاغزىدىن جانىۋ- جانىۋار كىرىپ.

تۇتۇپ باشىدا قارلىغاچ ئاشىيان، ئۇۋا

ھايا قىلمايىن باشىغا ساڭقاغان.

بولۇپ باش - كۆزى جانىۋ - جانىۋار پوقى،

بۇ - ئاجىزلىقى، قۇۋۋەتىنىڭ يوقلىقى.

تۇرار دەرۋازىسىدا ئىككى ياساۋۇل، خىزمەتكار

بۇ ھەيبەت بىلەن چاغلاماڭ سىز ئۇسۇل.

كۆرەرسىز ئۇمۇدىنى تەڭلەپ تۇرار،

سورابىراق كىرىك باشىڭىزغا ئۇرار.

كەل ئى ئوكتەدان دەي بۇ ئەپسانەنى،

بۇ ئامبانلارنىڭ ئەھدۇ پەيمانەنى.

قويۇپ جوزانى جوزا ئۈستىدا كات،

ئاڭا نەچە قۇر تىزدى نۇقىلە ـ نايات.

نەچە ئاتۇ قويلارنى كەلدى تاپىپ،

سويۇپ چاۋاسىن قوي باشىغا يايىپ.

بەرەھمەن تۇرۇپ قىچقىرىپ ۋاڭ ـ ۋاڭ،

ياغاچنى بۇ چاڭغا ئۇرۇپ جاڭ ـ جاڭ.

ئوقىدى ئۆزى رەسىمچە بىر غەزەل،

كى يىغلاپ بۇ ئامبان دىگەن لاي غەزەل.

بۇ جاڭدىن چىقىپ نەچچە تۈرلۈك سادا،

بۇ مەنچىڭلار كۆپ يىغلىشىپ بى ئىبا. تارتىنماي

پويۇپ پىڭزانى جوزا ئۆزرە قاتار، كوزا

تىزىپ جۇڭزانى قويدى نەچچە قاتار. رومكا

قويۇپ پىگىزانى جۇڭزاسىغا شاراپ،

تىزىپ جوزاغا قويدى نۇقلە كاباب.

بۇ كاغەزنى كۆيدۈردى پوجاڭ ئاتىپ،

بۇ بۆت ئالدىدا يىغلادى دۇم ياتىپ.

ھەممە تۇردى باشىدىن كۇلاسىن ئالىپ،

قاراپ تۇردى سائەتچە باشنى سالىپ.

ئالىپ بۇتنىڭ ئالدىن ئىچتى ئاراق،

ئانىڭ ئەھدۇ پەيمانى بۇدۇر ساياق.

بۇ غەم ـ قەيغۇدىن كۆڭلى دىلجەمئى بولۇپ،

تاۋازۇ بىلەن گەردەنى خەم بولۇپ.

ئېگىلىپ

بۇلار بولدىلار خۇدەمۇ شادىمان،

نەچچە بۇلار ياتتى ئەمنۇ ـ ئامان.

بۇ ئامبان ھېكىم بەگكە سۆز باشلادى،

دېدى ھالىتىنى، كۆزىنى ياشلادى.

دېدى ئى سايىد بەگ قىلاي سىزگە ئەرز،

تۆرۈپتۇر ماڭا يەتتە يۈز يامبۇ قەرز.

ھەي ئايدا ئىككى يامبۇدۇر لىي چەنى، ئۆسۈمى

نىچۈك ئەيلەيىن كەلسە مەي - مەي چىنى،

بۇ مەنسەپ ئۈچۈن پۇل ئالىپ خەرجلەدىم،

بۇ جىڭشى بولارنى مەن بىلمەدىم.

مېنى ھەركۈنى يامبۇنى دەپ تۇتۇپ،

خىيالى مېنى كەتكۈسى خام يۇتۇپ.

پۇل ئالدىم ئانى بولمادى سوققانى،

كى ئامبان قويۇبدۇر ئانى باققانى.

بۇ تاپقان پۇلۇم يامبۇنىك لېچىنى،

تېخچە تۆرۈبدۇ ئانىك بىڭچىنى. دەسمايىسى

ئۆرۈق - تۇققانىم ماڭا بۆرېن بولۇپ،

بۇ مەي - مەيچى ئالدىدا كۆرىن بولۇپ. مېھمان

كۆڭۈل خوشلۇقى تەتىيم ئۈچ بالا،

بالا ئۇستىگە ئەمدى كەلدى بالا.

بۇ دەردىمنى كىملەرگە ئىزھار ئېتەي،

دىسەم باش ئالىپ بىر تەرەپكە كېتەي.

سايىد بەگ دىدى قەرزدىن غەم يىمەڭ،

ماڭا دىدىڭىز ھىچ كىشىگە دىمەڭ.

ھاكىملىققا مىڭ يامبۇ بەردىم پەقىر،

كى سىزگە بولۇرمەن يەنە دەستىگىر. ياردەمچى

بېرۇرمەن بۇ شەھىيار، كۇچادىن ئالىپ،

بېرۇرمەن دېدى ئاقسۇلۇققا سالىپ.

يىغنى يوق كەتسەڭ بولۇر ئەۋۋەلا،

كۇچاردا خەزىنەم، دەپىنەم تولا.

ئەددەدىن تولا ۋاڭ بېگىمنىڭ پۇلى،

ئىرۇر شاھ ئول، مەن ئانىڭ بىر قۇلى.

بۇ غەم ـ قايغۇ ئەندىشە قىلغان بىكار،

دىدى قەرزىڭىز بىر بۇلۇڭدىن چىقار.

بۇ ئىشتىن يېمەڭ زەررە ئەندىشە -غەم،

ماڭا ئەيتۇرۇڭ بولسا بىر نەرسە كەم.

قىلالى بۇشىڭرىن بىلەن ئەمدى جەڭ،

كى ھەرنەرسە تاپساق ئارىمىزدا تەڭ.

بۇ ئامبانىنىڭ ئاغزى قۇلاققا يېتىپ،

يەنە بۇرنى ماڭلايىدىن ئاشىپ.

ئۇلۇق خانىنىڭ ئالدىدا بار ئابروي،

بۇ جۇڭشى ئىشغە قىلىپ جۇستۇجۇي.

ئىستەك - سوراق

بۇ جامدىن ئىرىسمەي خەت ئەيلەپ تۇرۇڭ،

بۇ تاڭشىندا تۇتقانى باغلاپ تۇرۇڭ.

بۇ دالويە بولدى ساڭا ھەم سەپەر،

زىرىكمەي بارۇرسىز بۇ نارى سەقەر.

دوزاق ئوتى

دىيىشمەي ئىكوۋ ھىچ سۆز قالمىدى،

باشىدىن جۇلاسى ئالىپ مۇڭگۈدى.

قىلىشنى بۇ ئامبان بىلەن خەيرىياد،

بۇ يامۇن ئىچىدىن چىقىپ خەيرىباد.                                        ياخشى بولسۇن

چالىبان تەبەل ناغرا نەققارەنى،

بەجا كەلتۈرۈپ رەسمى شاھەنەنى.

توشۇپ ئالدىغا مەنچىلىك لەشكىرى،

ئۆزىن چاغلاشىپ شىردەك ھەر بىرى،

بۇلار كەيىندىن يۈردى قالماق، سولۇن.

ئاتىشماق، چاپىشماق ئاتا بىر ئويۇن.

يۈرۈپ كەيىندىن ئەندىجان، كاشغىرى،

بۇ قىلغان ئىشى شەرئىدىن تاشقىرى.

مۇسۇلمان ئەگەر بولسا دۇشمەنگە يار،

جەھەننەمدە بولغاي ئانىڭ ئورنى نار.

بۇ ئاخۇنۇ، ئەشرەپ، خەلپە، ئىمام،

ھەممە بەگ بىلەن جۇملە ئەھلى كىرام.

قىلىپ نەغمىچى نەغمىنى ئۈچ قاتار،

بۇ نەخشى غەزەلنى ئوقۇپ نەچچە بار.

چىقىپ يار باشىغە ھەممە ئامۇ خاس،

شەھەردە كىشى قالماي ھازەلقىياس. شۇ

يوسۇندا، شۇنداق

ئەلەم، تۇغۇ، بايراقۇ كۇنلۇك تۇتۇپ،

سايىد بەگ بارۇر غەم بىلەن قان يۇتۇپ.

بۇ شاھنىڭ باشىغا يېتىپ بۇ ئەلەم، دەرت

ئەلەمدىن پۈلەم ئەللىگ ئالتى ئەلەم. بايراق

بۇ يەكلىغ قىلىپ دەبدەبە ۋە ئەسئەسە، داغدۇغا

مۇرادى ئانىڭ ئاقسۇنى خام يىسە.

چىقىپ يار باشىغا ھەممە دوستۇر يار،

قولدا تۇتۇپ يارنى كەتتى يار.

قىلىپ ئەلۋىدا جايىغا ياندى يار،

پىراقىدا ئەيتۇر ئىدى يار- يار.

" كۆڭۈل ئۆزمەيىن ياردىن كەتتى يار،

سەپەرگە بارىپ كەلمەدى يار - يار.

كۆكۈلدە پىراقۇ ئوتتۇك بار - بار،

كوييۈكدا نېتەي يىغلاماي زار- زار"

چىقىپ ئاقسۇدىن يەتتىلار جامغا،

تۇرۇشتى ئويۈن كۈلكە ھەڭگامغا.

بىر ئىشنى باشلىماق، سوقۇشماق.

بۇ جاكپاك قويۇپ چۆرەسىن قاك سوقۇپ،

جىسەكچى جىسەپ جىك بىلەن جاك سوقۇپ.

پۇ تۇشكۈن قونالغۇ ئانىك غەۋغاسى،

بىر ئادەمنى ھايداپ ئىككى دوغاسى.

يىغىپ ھۆرپەگەرلەرنى قىلدى بازار،

ئىككى داۋزانىك ئالدىدا ئىككى دار.

بۇ سۈكۈ قىمارۋازيۈرۈيدۇ سۈلاپ،

يۈرۈيدۇ ئۆيمۇ - ئۆي كەلدى ئەلنى بۇلاپ.

ئېغىللاپ كالانى، قوتان بىرلە قوي،

قىمارۋاز جالاپلارغا ھەر كۈندە توي.

كى تاڭشىن قىلىپ بارغانى ھەر قايان،

كى باشقۇنچىلىق قىلسا قىزۇ ـ جۇۋان.

قوپۇپ ئارپا ـ بۇغدايغا لەشكەرلەر ئات،

ئانىڭ ئەرزىگە يەتمەي قىلسا دات.

سۈرۈك بىلە ئىلقىنى كەلدى سۈرۈپ،

تالاشسا ئانى باغلاتىپ ئۆلتۈرۈپ.

كى داد ئەيلىگەننى ئاسىپ دارغا،

ئانى يەم قىلىپ قارغاۋۇ ـ سارغا.

بوغۇم تۇتمىغان مايسىلارنى ئورۇپ،

ئاتىغا بېرىپ ئاتنى باغلاتتۇرۇپ.

ئانىڭ ئوينىشى ھەر كۈندۈز قىمار،

كېچە ـ كۈندۈز ئالدىغا نەغمە ـ نىگار.

ئەگەر بار بولسا ھەر جايدا لولى جالاپ،

ئانى كەلتۈرۈپ ئىچتى جامى شاراپ.

بۇ تاڭشىن مۇسۇلماننى كەلسە تۇتۇپ،

بۇ مەنچىڭغا باغلاتىپ ئۆلتۈرۈپ.

ھەم ئەپيۇن چېكىپ بەڭ بىلەن بوزەنى،

جالاپنى قويۇپ، تاپتى مەيگۈزەنى.

بۇ بەتبەخت لەئىن شەرئىنى تۈتمادى،

چاقلىغان تۆشۈك يەر يۇتمادى،

بۇ تاڭشىن قىلىپ ئىككى يولغا قاراپ،

سايىد بەگ بۇ جاڭپاڭدا ياتتى ماراپ.

++++++++++++++++++++++++++

يىلى مار ئەردى ماھى ئوشۇر،                    يىلان يىلى ھوشۇر ئېيى

دىدى ئەمدى پەيمانە تولسا تاشۇر.

خوجامغا بەشارەت بولۇپ ئول زامان،

بولۇپ چوڭ - كىچىك خۇررەمۇ شادىمان.

كى يارلىغ تۆشۈپ راشىدىن خاندىن،

كۆچاردىن چىقىپ سەيد بۇرھانىدىن.

بەشارەت خوجاملارغا مەغرىپ سارى،

ئۆلۈغ پىشەنىڭ شىرلىرى ھەر بىرى.

بۇ شەھيار، كۆچاردىن يىغلىسۇن تامام،

غازاتقا بارادۇر ھەممە خاسۇ ـ ئام.

بۇ نۆبەت ئۆيدە كىشى قالماسۇن،

كىشى نۆبەتگە كىشى بارماسۇن.

يىغلدى بۇ لەشكەرلەر ھەددىدىن پۈزۈن،

ھەممە زەۋۋقۇ ـ شەۋق بىلەن بىلە مەستۇ جۇنۇن. بۇ يەردە كۆچكە تولۇپ مەنىسىدە

مازارغا يىغلدى ھەممە چوڭ ـ كىچىك،

ھىسابلاپ ئانى قىلدىلەر بىر پىتىك.

سەيد راشىدىن خانغا ھەم تاجۇ ـ تەخت،

كۆچار شەھرى بولدى ئاڭا پايتەخت.

بۇلار مەشۋەرەت قىلدىلار ئانچۇنىن،

كى پىكىر ئەيلەدىلەر بەسەرۇ يەسىن. ئوڭ ـ سول

قارا شەھەر تۇرپاندا مەنچىك تولا،

بۇ ئاقسۇ تەرەپتە مۇسۇلمان تولا.

دېدى ئاقسۆنى دەستىگىر ئەيلىسەك، تايانچ، پاناھ، بازا

مۈزاتتىن بۆ مەنچىڭغا يول بەرمىسەك.

دىدى ئاقسۆنى بىز ئالارمىز ئاسان،

دىدى ئۆزگىلەر بارغۇسىدۇر قايان.

بۆ لەشكەرلەر بۆلۈندى بولۇپ سۈلىسگىر، ئۈچتىن بىر

ئىككى كوھنا تۆرپان، بىرى ئەردەۋىل.

ھېسابىدا لەشكەرنى قىلدى ئەدەد،

يانا مىڭ باش سەد باشى پان سەد.

بۆ پىنجاھ بىلەن ئونبېشى، قۆر باشى،

مىراخور، دىۋان، دورغا ۋە توپ باشى.

ئانىڭ ئۈستىگە دادخاھ خەلپەسى،

جاھاننى ئالىبدۇر ئانىڭ غەلبەسى.

يەنە پادى شەپ قويدى ئاندىن تۆرە،

سەپەرگە بارىپ تالە ئىدىن كۆرە.

بۆلۈندى كۆچار لەشكىرى ئىككى توپ،

بۈگۈر، كورلا ۋە تاكى سەرھەدى لوپ. چېگرا

ئالىپ بىر تۈمەن لەشكەرى بىگاران،

باھادۇر سەيد غازى ئىسھاقخان،

بۇ تاھىر خوجا خاجائى ۋاھىدىن،

سەيىد ۋالىدىن، خوجا باھا ئىدىن.

بولۇپ ھەم سەر خۇقائى دانىئال،

ئۆزاتتى ھەمەخشۇ ئەھلى ئايال.

بېرىپ غەزنەدىن نەچچە بايراق تۇغ،

بۇ لەشكەرلەر ئۆز ئىخلاسىدىن قىل قۇيرۇغ.

بۇلارغا بېرىپ نەچچە تۇرلۇك ئەلەم،

ياراغ جابدۇغى قالمىدى ھىچ كەم.

بېرىپ غەزنەدىن چىپۇۋۇ زەمبەرەك،

نەچچە تىۋەگە ئوق دورى غەم مەرگ. ئۆلۈم

قىلىچ، نەيزە بىرلە مىلتىق ـ ئوقيا،

ئۇلۇغلارغا كەيدۇرۇپ سەرۇپا.

پېقىر نامراتلارغا ھەم بەردى ئات،

ئاق ئۆي چادىرۇ بارىگاھ بىرلە كات.

بۇ لەشكەر بولۇپ مىسلى بىر كۆك تۆمۈر،

نە دۆلەت غازات بىرلە ئۆتسە ئۆمۈر.

غوجام ئالدىدا نەچچە خەلپە تۆرە،

دوبۇلغا كىيىپ ئولپاقۇ ھەم زىرە.

چالىپ نەچچە جۈپ ناغرا نەققارەنى،

سەپىد موھرە كارناي سۇرنايىنى.

بۇلار يۈردىلار تەبل شادى چالىپ،

بارۇيادى ھەق بىرلە ئاللا سالىپ.

ئۇزاتتى ھەمە خىشۇ قەۋمى قاياش،

مازار باغدا بەردىلەر ئابۇ- ئاش.

قىلىپ بەردى بەئىداز خەتمە قۇرئان، كىيىن

سەيد راشىدىن خان ساھىپقىران.

بۇ لەشكەر ئىشنى قىلىپ جا - بەجا،

دۇئا قىلدىلەر خان غوجام پادىشا.

ئۆزى سەيىھە تارتىپ مۇناجات ئوقۇپ،

ھەممە يىغلاشىپ نەۋھە پەرياد ئۇرۇپ.

يىغى زار بولدى چۇ ئەبرى باھار،

باھار يامغۇرى

قىيامەت بولۇپ ئول كۈنى ئاشكار.

ئاتاۋۇ ـ ئاناسى ئوغۇلدىن جۇدا،

يانا ئايرىلىپ مېھرىبان كەت خۇدا.

پېتى ئۆيلەنگەنلەر

بۇ قوۋمى قېرىنداش، ئىگىچە ـ سىڭىل،

رىزالىق ئالىپ بىر ـ بىرىدىن بەھىل.

ھەممە يارۇ ـ دوست قىلدىلار ئەلۋىدا،

دىدىلەر خۇدا يولىدا جان پىدا.

ئى ئاخىر ئۆلەرمىز شەھىد، ئۆلمەسەك،

يىگەي قارغا ـ قۇزغۇن ئەگەر كۆممەسەك.

ئەگەر تاپسا ئىمانىنى باكدۇرۇر،

دىدى ئەسلىمىز خاكدۇرۇر.

شەھىدنى دىدى مۇردە ئەمەس ھايات،

بىرىلگەي جاۋاھىردىن ئىككى قانات.

مۇشۇ يەردە بۇ داستاننىڭ ئاقسۇ ئەدەبىياتى ژورنىلىنىڭ 1981- يىللىق 3- سانىغا بىرىلگەن قىسمى ئاخىرلىشىدۇ، بۇ قىسمى بۇ ژورنالنىڭ 1981- يىللىق 3- سانىنىڭ 48- بىتىدىن 62- بىتىگىچە بولغان مەزمۇنىدىن ئېلىندى.

كەل ئى ۋەئىزىگۈي ئەيلەگىل داۋىيان،

بۇ خاتىپ خوجامدىنكى بىر داستان.

ھەممە لاۋۇ - لەشكەر بۇ خەيلى سىپاھ،

كىلىپ قۇتلۇق ئوردا تىكىپ بارگاھ.

چالىپ شادى تەبلى نەققارەنى،

سەپىد مۇرى، كارناي، سۇرنايىنى.

چىكىپ دۇمبا - دۇمباقىغا سەۋتۇ - سادا،

ھەممە چوڭ - كىچىك دىدىلەر مەرھابا.

مۇبارەز ئەرەنلەر پىغانى تاشىپ، كۇرەشچان ئەرلەر

بۇ لەشكەرلەرنىڭ ياتسەيىن تاپشۇرۇپ.

بۇلار كەم ـ كۈسىن راستلاتىپ تاپشۇرۇپ.

بۇلارغا بېرىپ نەچچە تۇغلۇق ئەلەم،

بۇلارنى ئەدەد قىلدى سۇردى قەلەم.

بۇ لەشكەرى ئىدى ئىككى مىڭ يەتتە يۈز،

ئۆزىدىن ئىشتىپ دېدىم ئۇشبۇ سۆز.

ئۇزارتىپ چىقىپ خان خوجام پادىشا،

باقىپ قىبلىگە قىلدى ئاندىن دۇئا.

ھەممە چوڭ ـ كىچىك يىغلاشىپ زار ـ زار،

مۇسىبەتتە بولغان كەبى ھازادار.

ئۇلار قىلدى بەئىداز خەتمە دۇئا،

ھەمە چوڭ ـ كىچىك يىغلاشىپ ئەلۋىدا.

دوبۇلغا قۇياق، جوببە ھەم ئوق ياراق،

بۇلار كۆك تۆمۈر بولدى باشتىن ـ ئاياق.

بۇ لەشكەرگە مەنسەبنى تەيىنلەدى،

كى ھەر كۈن ھېسابىنى ئالغىن دېدى.

بۇ لەشكەرگە خاتىپ جوجامدۇر ئېمىر،

كى ساھقا ئوسام ئاخۇندۇر ۋەزىر.

بۇ تالى مىراپ بولدىلار دادخاھ،

ھەمە لاۋۇ ـ لەشكەر قىلىپ ئەزمى راھ. يول

مۆھۈرنى موللا مۇسا قارى ئاسىپ،

بۇلار ئارقادىن كەلدى بىر ـ بىر باسىپ.

بولۇپ پىشى لەشكەر بۇ روزى تۆرە. تۇرشاۋۇل

قوشۇن، ئالدىن يۈرگۈچى قوشۇن

شەھىد بولدى ئەجرىنى ئاندىن كۆرە.

كىيىپ جۇببە ـ جەۋشەن بۇ روزى قىمار، ساۋۇت، تۆمۈر

كىيىم

بولۇپ كۆك تۆمۈر يولدا دىگما بولار.

بۇ سايرامدىن موللا مۇسا خاتىپ،

بىرۇر يول خېتى خەلقنى باجلاتىپ.

كېلۇر ئارقادىن خەلقنىڭ ئاۋازەسى،

كى ئاللا دىبان قىچقىرۇر بارچاسى.

قاتىلدى بۇ لەشكەر خوجامغا كېلىپ،

سوراپ هال - ئەھۋال پۈرسىش قىلىپ.

ئېسەنلەشمەك

بۇ شەھيار، كۇچارنىڭ سەھراسىدىن،

كېلىمىز دىدى سىدقى ئىخلاسىدىن.

بۇلار ئەزىم ئېتىپ يۈردىلەر شالدىراڭ،

يۈرۈڭ يول ئۆزرە تېز بولۇپ ئالدىراڭ.

كۇچاردىن چىقىپ يۈردىلەر چاشتىگاھ،

بۇ سۈرئەت بىلەن ئەيلەدى ئەزىم راھ.

قۇياشقا بولۇپ بۇ قۇياش راھبەر،

قۇياش كەيىندىن يۈردى ئەھلى سەپەر.

قۇياش بولدى مەغرىب سارىغا ناھان

قىزىلغا يېتىپ باردىلەر ئول زامان.

كۈن ئولتۇردى مەغرىپ سارىدا قىزىل،

قىزىللىق ئىچىدىن كۆرۈندى قىزىل.

دېدىلەر بۇ يۇرتنىڭ ئاتىدۇر قىزىل،

ئىمارەتنىڭ تۈپراغىدۇر قىزىل.

لى دەريا ئاقادۇر، ئاتىدۇر قىزىل،

يانا ئابۇجارى ئاقادۇر قىزىل. شاۋقۇن، دولقۇنلاش

بۇ قىز ھەم جۇۋانلار سالاھى قىزىل، كىيىم - كېچەك

بۇ قىزلار قارادۇر، ئىچىدۇر قىزىل.

قىزىلنىڭ ئىچىدىن چىقىبدۇر قىزىل،

قىزىلنىڭ بۇ تۇرغان يېرىدۇر قىزىل.

ئانى يۈرگۈدۈم بىر ماتائى قىزىل،

قىزىلغا بۇ ۋاقىتتا كۆرۈندى قىزىل.

قىزىل كەتدى ئالەم كۆزۈمگە قىزىل،

ئانىڭ ھىجرىدە كۆزدە ياشىم قىزىل.

قىزىل ئاقتى ئەتراپى بولدى قىزىل،

قىزىللىق قىزىلدۇر سەرەشكىم قىزىل.

قىزىلغا تۈشۈپ تىكتىلەر بارىگاھ،

ھەممە لاۋۇ - لەشكەر بۇ خەيلى سىپاھ.

بۇ سايرامغا ئاڭلاندى ئاۋازەسى،

بۇ سايرام ئىرۇر ئاقسۇ دەرۋازەسى.

قىزىلدا يار ئەركەن ئۇلۇغ بىر بۇزرۇكۋار،

قىلىچ بۇغراخان غازى ئاتلىق مازار.

قوشۇلدى قىزىل كەنتنىڭ جەمئىسى،

بۇ شەيخۇ، ئىمام باشلىغان مەھەللىسى.

يانا نان ـ توقاچ، سۈت ـ قېتىغ، ئوت، ئوتۇن،

بالا ـ بارقاسى ھەمە ئەرۇ ـ خوتۇن.

ئەلىپ كەلدى نەزرى كالا بىرلە قوي،

ئانى داشقا سالدى قىلىپ يېدى بوي.

سالىپ سەھنگە زىلچە بىرلە كىگىز،

ئالىپ كەلدى نەزرى يەنە نەچچە قىز.

دۇئا قىلدىلار قىزلارغا باقمادى،

سەپەر ئۇستىدە قىزلار خوش ياقمادى.

قىرمىس بۇلاق خەلقى ھەم پىش باز، ئالدىغا چىقماق،

قارشى ئالماق

ئالسپ كەلدى ھالىچە نەزرى ـ نىياز.

يايلاقلارغا نەزرى ئالسپ كەلگەن ئات،

بۇ جابدۇق بىلە ئەيلىدى ئىلتىپات.

خالايىقلەر قىلدى خوجامنى تاۋاپ،

بولۇپ بى گۇناھ، تاپتى بولغاي ساۋاپ.

تاۋابدىن كېيىن بەئىداز خەتمى قۇرئان،

خوجام ئىختىيار ئەتتى سايرام سىيان.

بار ئەردى شەھەر ئالدىدا لەنگەرى، بېكەت

ھېكىم بەگ ئىشىگە يۇرت سەردارلىرى.

بۇ ئاخۇنۇ ـ ئەشرەپ، خەلىپە ـ ئىمام،

ھەمە چوڭ ـ كىچىك يۇرت خەلقى تامام.

كېلۇر ھەر تەرەپتىن بۇ نەزرى ـ نىياز،

باشى ئات، كالا، قوي، چامغۇر ـ پىياز.

زىيارەت قىلىپ دەستى بەيئەت بېرىپ، ئىنتىپاقا كىرمەك،

تەۋەلىك بىلدۇرمەك

قىلىپ هال پۇرسىش نەسىھەت قىلىپ.

چالىپ ناغرە، نەققارە شادىيانەنى،

نەچچە داشلارغا دۆلەدى شادەنى.

ھەمە چوڭ - كىچىككە بىرىپ ئابۇ - ئاش،

ۋىدا قىلدى مەغرىپ سارىغا قۇياش.

بۇ مېھمانلارغا تۇتتىلەر سىن چاي،

دېدى بارىكاللا بىلەن هاي - هاي.

نەچە توپ بولۇپ قىلدى نەغمە نىگار،

بۇ سۇرناي، قالۇن، راۋابى، ساتار.

ھەمە مەست بولۇپ قىلدى رەقسى ساما،

نە ياش - قېرى بىرلە باباۋۇ - ماما،

++++++++++++++++++++++++++++++++++++

بۇ دۈشمەن كۈچاردىن خەبەر ئاڭلاشىپ،

بۇ زىخۇيۇ مەيمەيچى كەتتى قاچىپ.

بۇ قالغانلىرى ئىككى يۈزدىن ئوشۇق،

كۆچۈپ ئۆيدىن ـ ئۆيگە توشۇيدۇ توشۇق.                                  يۈك

كېلىپ ئالدىدا پەھلىۋانلار ئاتىپ،

چوماق، نەيزەچى كەلدى ئەمدى يېتىپ.

يېتىپ كەلدىلەر زەمبىرەك بىرلە پور،

بۇ مەنچىڭلارغا لازىم بولۇپ ئەمدى گۆر.

بۇزۇپ ئوت قويۇپ داڭ بىلەن جاڭزانى،

تامام ئۆلتۈرۈپ ئالدى كاللاڭزانى.

........................................................................

بۇ باي شەھرىنى قىلدىلەر جا بەجا،

بۇ ئاقسۇ سارىغا قىلىپ ئەزمى راھ.

قويۇپ دادى خاھ بىرلە قازى كالان،

دېدى قىلماسۇن بىر ـ بىرىك تالاڭ.

كىشىنىك مالىنى كىشى ئالماسۇن،

كىشىنىك دىلىنى كىشى چەگمەسۇن.

بۇلار ئەزىم ئېتىپ يۈردى ئاقسۇ سىيان،

باھادۇر سەيىد غازى ساھىپ قىران.

........................................................

خوجام ئاتلانسىپ قۇش تامدىن يۈرۈپ،

كېلىپ مار ئاقچى لەبىگە تۈشۈپ.

ئاقىپ ئابى دارياۋۇ ئابى مۇزئارت،

تىككىلەر دېدى بارگاھ بىرلە كات.

بۇ يايلاق ئېرۇركىم چۈمەنزارلىق،

كى بۈلبۈللار سايراپ خۇش ئاۋازلىق.

بۇ چەشمى زۇلالغا ھەريان ئاقىپ، سۈپ - سۈزۈك سۇ

كۆكۈللەرگە تۈرپە ھەجەپ خوش ياقىپ.

بۇ دەريا سۈيى ئەردى مۇزدىن ساۋۇق،

ئانىك رەڭگى ئاق ۋە ئەسەلدىن پۈچەك.

يۈرۈر ئويناشىپ قوينىك قوزەسى،

يۈرۈر تىۋەلەر بۇزەلەر تودەسى.

سىپىل ئۈستىنى قىلدى ناغراخانە،

بۇ دەريا لەبىنى قىلىپ چايخانە.

مۇزات دىمگىل بەلكى ئابى هايات،

بۇ تومۇز كۈنلىرى تەشنالەرگە نەجات.

هارىپ تەشنالەپ كەلسەلەر ئات ـ ئۇلاق،

قونۇپ يايلاسا بولغۇسدۇر، بىراق.

بۇ يەردە تۇرۇپ ئەمدى بەش ـ ئالتە كۈن،

هەمەدەم ئالىپ، ئات ـئۇلۇق تىنجىسۇن.

دېدى مۇز دابانغا كىشى ماڭدۇرۇڭ،

بۇ ئۆرتەو قاراۋۇلنى قويىماي بۇزۇڭ.

ئىلەدىن ئەگەر كەلسە نۇرغۇن چېرىك،

ئاراغا ئالىپ بىزنى قويىماس تېرىك.

كى يول توسقالى قويدى بەش يۈز كىشى،

نەيەرگە يېتۇر بۇ پەلەك گەردىشى.

++++++++++++++++++++++++++++++++++

كەل ئى خوشەچىن ئەيلەگىل داۋىيان، باش تەرگۈچى

قىلىپ ئاقسۇدىن شەمئى سۆزى بايان.　　　　　بايان شامنى ياندۇرماق

خوجامالار قىلىپ مەسلىھەت ئانچۇنىن،

خىيال ئەيلەدىلەر يەسەرۇ ـ يەمىن.

دېدى نەچچە كۈن مۇنداق بولساق ھايال،

دۈشمەن لەشكىرى كەلگۈسى ئېھتىمال.

ئانىڭ بىرلە بىز ئەيلەسەك كار ـ زار،

ئەگەر بەرسە نۇسرەتنى پەرۋەردىگار.

بۇ دۈشمەن قولىدىن بولۇرمىز ئامان،

يېغى كۈچ كېلىپ ئالسا بىزگە يامان.

بۇ تاغ دامنى بولغۇسى شۇرى شەر،

مۇسۇلمانلارنى ئەيلەگەي دەربەدەر.　　　　　ئىشكمۇ ـ ئىشك

ئىلە يولنى ئالسا بىزدىن توسۇپ،

كېتۈر باي، سايرام سارى قول قويۇپ،

بۇ مەنچىك كېلۇر مۇز دابانىنى ئاچىپ،

دېدى بىز بارۇرمىز قايەرگە قاچىپ.

يېغى لەشكەر مۇندا كەلمەستەراق،

بارالى ئانىڭ ئالدىغا تېزراق.

كى ئىلدام بارالى، كىشى تۇيماسۇن،

تۇيۇقسىزلا دۈشمەن كېلىپ قالماسۇن.

يېغى لەشكەر مۇزدابانلدىن تۇشۇپ،

ۋە يا ئالسا يۇلغۇن راباتتىن تۇشۇپ.

دېدىلەر بۇ ۋەقتىدا تومۇزدا ھاۋا،

بولۇر تاغ ئىچى سانئى كەربالا. ئىككىنچى

بۇ مەنچىلىك ئالۇر بىزنى چۆلگە قاۋاپ،

بولۇرمىز دېدى تەشنەلىكتىن خاراپ.

پېشىندىن كېيىنراق نامازى دىگەر،

بۇ چارلامچىلار يولغا كىردى بەدەر.

ئىدى نىسپى شەب قارا يۇلغۇن يېتىپ،

ھەمە ئۇيقۇدا مۇردە يەڭلىغ يېتىپ.

بۇ لەڭگەردە دۈشمەندىن يوق ھېچ ئەسەر،

بۇلاردىن ئالالماي يەردىن خەبەر.

تېرەكنىڭ يۇۋىدە ياتۇر ئون كىشى،

دېدىلەر بۇ تاڭشىنغا كەلگەن كىشى.

تۇرار ھەر بىرىنىڭ يېنىدا چوماق،

بولۇپ تەكيە ئورنىدا ئىككى قۇلاق.

پۇتىدا چورۇق، خالتىسىدا نورەك، ئوزۇق

خورەك تارتىشىپ مىسلى بىر زەمبىرەك.

دىدىلەر بۇ پاۋانلار ئوڭدا ياتۇر،

تۇشىدە كۆرۈپ ئەمدى بىزنى تۇتۇر.

ئىنىگىدىن ئۆتۈپ تاپتى بىر خالەنى،

بۇ موللا پۇتۇپ بىر پارچە نامەنى.

دېدى: چارلىدۇق بىز بۇ يۇلغۇن قارا،

بۇ يەر تىنچلىق يوقتۇر ھىچ ماجارا.

بۇ يەرگە غەلەتتۇر يېغى كەلگەنى،

ئامانلىق دېدى كۆرسۇتۇڭ بەلگەنى.

ئىككۈلەن ياتىپ شاختۇرا ئەزم ئېيتىپ،　　　　يەر نامى

بۇ سەككىز كىشى جامغا كەلدى يېتىپ.

ياۋۇق يەتتى مەھەللىگە ئول زامان،

بۇ ئۆرتەڭ ئىچرە ھەم تىنچ - ئامان.

كى بىر - بىر باسىپ كەلدىلەر ۋەھمىناك،　　　　قورقۇنچ بىلەن

بۇ ئۆچ جىڭغا جىڭچى چىقىپ ئۇرار تاك - تاك.　　　　جاڭ ئۇرىدىغان جىسەكچى

بۇ ئات تاۋۇشىدىن ئىت خەبەر ئېلىپ ئاڭلاشىپ،

ئىشەك ھاڭراشىپ ھەم قاچىر ماڭلاشىپ.

بۇ ئىتلار قاباشىپ سالىشتى غۇرۇ،

خەبەر ئالماسۇن دېدى بىزدىن بىرۇ.

بۇ جاڭگال سارىغا بولار ئەزم ئېتىپ،

تۇپۇرلاپ بۇلار كەلدى سۇغا يېتىپ.

دۇبە ئۇستىگە چىقتىلار قاراشىپ،

تاۋۇش قىلمايىن بىر - بىردىن ماراشىپ.

كۆرەركىم بۇ يىڭفاڭدا ئوتلار كۆيۈپ،

ئەسكەرخانە، گازارما

سېپىل ئۈستىدىن تۇغ ـ ئەلەم بەلگۈرۈپ.

ئاق ئۆي ئالدىدا شەمئە پانۇسلارى،

يۇرۇپتۇر جىسمىم نەچچە جاسۇسلىرى.

ئانىڭ بەئىزىسى جىك بىلەن جالى سوقۇپ،

يۇرۇر بەزىسى تەبىل بىلەن دۇمباق سوقۇپ. ناغرا

كى تالى ـ تالى قىلىپ لەشكىرىنى جىساپ،

قىلىپ بەزىسى ياتقانىنى ھىساپ.

بۇ يىڭفالى ئويۇپ چۆرىسى لاي سېپىل،

قارا ۋە قىزىل سىرلانغان نەچچە خىل.

بۈگۈن ـ ئەرتە بويىغى تەبرە مەس،

كى مۇندىن تولا تۇرماقىم خوپ ئەمەس.

بۇ ئات يورتۇشۇپ يولغا كەتتى بەدەر،

مابادا بولۇر ئەمدى خەپۇ ـ خەتەر.

بولۇپ بادى سەر ـ سەر مەسەللىك ئاتى، ئىتتىك

شامال

قاباشپ تۈرار جورغا تىگنىك ئېتى.

كېلىپ جورغادىن ئىچتىلەر ئىچتىلەر ئابى پاك،

بۇ سۇ جورغادىن جورقىراپ سۈيى خاك. تۈپراق

بۇ مەشرىق سارى بەردى سۈبھى نىشان،

مۈنەۋۋەر بولۇپ ئەمدى روشەن جاھان.

بۇ سۇدا تاھارەت قىلىپ تېز - تېز،

قوپۇپ يولغا كىردى دەستا خىز.

كېلۇر مەھەللىدىن شەۋتى بانگى ناماز،

ئوقۇشتى بۇلار تاغ ئۈزە تاڭ ناماز.

نامازدىن يانىپ يولغا بولدى راۋان،

جاناپ سەيد غازى ساھىپ قىران.

كېلىپ بارىگاھ ئىچرە بەردى سالام.

خوجام بەردى ئاندىن جاۋابى سالام.

بۇ مەنچىك دېدى بۇ مەھەل قايدادۇر،

بۇلار ئەيدىلار جامدا يىغىلاڭدادۇر.

++++++++++++++++++++++++++++++++++

كەل ئى ۋەتىنىمگە ئەيلەگىل داۋىبان،

بۇ سايىد ھېكىمدىن كى بىر داستان.

بار ئەردى بۇ ئاقسۇدا بىر نابىكار،

ئىتاچى دىگەن كەنتىدە جايى بار.

ئانىڭ ئاتىدۇر ئەنجانلىق قۇزى،

كى داڭداردۇر پىشەنىڭ توڭگۇزى.

ئىدى ئىككى يۈز ئەندىجان لەشكىرى،

كى تەييار ئىسلامغا ئوق ئاتقالى.

بۇ لەشكەر باشى باي مۇھەممەت ئىدى،

قۇزى ھەم ئانىڭ بىرلە بارغان ئىدى.

قالىپ داغۇلى، زەرقىدىن بىر ئۇرۇق،

ئابا مۇسلىم داستانىدىكى ھەيپارلارنىڭ نامى

كېتىپ دىنۇ ئىمانى قالدى قۇرۇق.

سۈكەندىن چۇشۇپ خامپاسىدىن پۇتۇن،

ئانىڭ ئاغزىدىن ئوت مەقئەدىدىن تۈتۈن.

ئۆزى سۆزگە بۇررا ۋە ئەردى ھەرىب، بۇررا = ئۇستا، ھەرىب = دۈشمەن رەقىپ

شاياتۇن ئاتا كۈن ئالۇر يالبارىپ.

بۇ شەيتان قۇزى قاشىغا كەلمىگەي،

مۇبادا ئۇنىڭدىن زىيان يەتمىگەي.

بۇ ئاخۇن ئەشەرەپكە ھەم يارۇ دوست،

بۇ ئىشان خەلپە ئاتا مەغزى پۇست.

بۇ ئەھلى سىپاھ، چوڭ ـ كىچىك بەگ ـ بىگەت،

كىلىك قۇزى باي دىمەيىن نارى كەت.

بۇ سوكۇ قىماربازغا ئۇلپەت ئىدى،

بۇ لولى سەتەڭلەرگە چۆپقەت ئىدى.

ئاتا يوق ئىدى ھىچ ئۆيى بارماغان،

ئاتا قالمىدى ھىچ ھۇنەر قالماغان.

يالاپ تەشمىگەن قالمادى مىس تاباق،

تالاڭغا كىتىپ قالمادى ئات ـ ئۇلاق.

تۇغۇلغان يېرى بار باشى يول ئېرىق،

يامانلىق قىلىپ ئېلگە بولدى قىزىق.

ئارادا بولۇپ ئەل ئۇنى خاھلاماي،

كى بولماس مۇنى بىر سىيان پالاماي. تەرەپ

ياتىپ تىڭىزدا قالمادى نەرسەسى،

يانا بەڭ، تاماكۇ، چولاق غاڭزاسى.

ئانىڭ باشىغا كەلمىگەن يوق ھىچ ئىش،

بۇ غۇربەت بىلەن ئۆتكۈزۈپ يازۇ ـ قىش.

كېلىشەڭگۇ ھەم ئۆزى كالتەك ئىدى،

بۇ قىلغان ئىشى بەلكى تەمتەك ئىدى.

بىلۇر ئەردى بولمىسا ئىلمى مائاش، تىرىكلىك ئىلمى

بۇ خۇشخۇيلىغىدىن ئىدى ھال سوراش.

ئاتاسى ئۇنىڭ ئەردى شاھ سالى باي،

بايان ئەيلەيىن مەخپىي سۆز قالمايغاي.

ئېغىلدا كالاسى قوتان بىرلە قوي،

يەنە يەرۇ - سۇ ئەردى با ئابروي.

بىربىپ پۇل مالىدىن ئوشۇر ھەم زاكات،

ئىشكىدە تۇرغان نەچچە ئاختا ئات.

ئۆزى پەنج ۋاقىت ئەردى داخىل تەرىق،

ئاتاسى ئۆلۈپ گۆرگە قويدى ئەرىق.

يامانغا نە مۈلكۈ، نە پال، نە مال،

نە ئەھلى ئايال، نە ھەرەم، نا ھالال.

ئوغۇل كىم ئەگەر بولسا بەدكاردۇر، — يامانلىق قىلغۇچى

دىمەنكىم بۇ ئوغۇلغا دەركاردۇر.

يىگىل، ئىچكىلۇ ئەيلە خەيرۇ - ساخا،

بۇ ئۆمۈر - يۇ، دۆلەتتە يوقتۇر ۋاپا.

زېمىن بولسا قويماي ئانى ۋەخپە قىل،

قوبۇل قىلسا شايەد خۇدايى جەلىل.

بۇ قۇزى ئىدىكىم يېتىم سوداگەر،

يۈرۈر تاغمۇ - تاغ، كەنتمۇ - كەنت دەربەدەر.

ماتائى، خاتۇنلارغا ئەتلەك ـ ئۇپپا،

كېچە خالى قالسا چىقىپ شە سۇپا.

بۇ تاغ خەلقىگە ئەردىلەر ئاشنا،

كىشى يوق ئىدى ئاڭا نا ئاشنا.

ئەگەر ھەر كىشى كۆرسىلەر قوزىنى،

قىلىپ باش ئۇچى، قوزىغا قوزىنى.

تىغىن ۋاقتىدا بارسا تاغقا ھارىپ،

بۇ مېھمان ھارىپ كەلدى ئۆيدە ياتۇر،

بۇ ئۆي ئىگىسى خىرمانغا كېتۇر.

قوزى باي بۇگۈن كېچە ئۆي ساقلاسۇن،

ئاتىنى بىدە، ئارپاغا باغلاسۇن.

بۇ مېھمانغا ئورۇن تۆشەكنى سالىپ،

دىدى ئەندەكى ئىستىراھەت قىلىپ.

قوزىغا يىغىپ ھەم سالىپ كۆرپەنى،

كۆڭۈل خوش قىلىپ قىلدى ئەل ھۆرپەنى، ھۈنەر

نەچچە كۈن بۇلار ياتتىلار جامدا،

كى ھەر كۈن ئويۇن كۈلكە ھاڭگا مادا.

بۇ تاڭشىنغا ھەر كۈن كىشى ماڭغۇزۇپ،

كى قويماي بارادۇر ئارانى بۇزۇپ.

بۇ ھەر كۈندە تاڭشىنچى بارىپ كېلۇر،

قاراسنى كۆردىلەر قاچىپ كېلۇر.

كىشى بولسا ئانىڭ ئىچىگە كىرۇر،

يىغىلغان چېرىكى ئانىڭ قانچەدۇر.

بۇ تاڭشىنچىلار تولا يالغانچىدۇر.

بارىپ كەلگەنى لاپ ئۇرۇپ داڭلاشىپ،

كۆزى بىلەن كۆرسۇن ئانى چاغلاشىپ.

قۇزى ئەردى سايىد ھېكىمگە ئىناغ،

بۇ ئىشقا مەن باراي - مەن سىناغ.

قۇزى ئەيدى تاڭشىن بارۇمەن دىدى،

بۇ ئىشنى قىلىپ ئوخشاتۇرمەن دىدى.

يەنە بارماغىم، كەلمەگىم ئىككى كۈن،

خوجامنىڭ قاشىدا تۇراي ئىككى كۈن.

بۇ مۆھلەت بىلەن قۇزى كەتتى بەدەر،

بارىپ ئاق بۇلۇڭغا سەگى بى پەدەر. ئىت

بىراۋدىن سورادى خوجام قايدادۇر،

زىيارەت قىلۇرمەن جانىم تەندەدۇر.

بۇ كۈندە خوجام مەنزىلى چارقچى،

كېچەشتۇك بۇ يۇرت خەلقى بارماقچى.

ياراشىپ ئىدۇك ئالدىغا پىش باز،

دېدى قىلمادۇق ھىچ نەزرى - نىياز.

بارادۇر بۇ يۇرت خەلقى نەزرى ئالىپ،

خوجام پادىشاھنى زىيارەت قىلىپ.

دېدى تاپقانى ئات، قويۇ، كالا،

دېدى نان، توقاچ، سۈت - قايماق تولا.

قىلىپ ھەركىشى قۇۋۋەتچە نىياز،

باشى تىۋەدۈر، ئاخىرىدۇر خوراز. — تۆگە

ئانى تاپماغان يۈداسىن ئوتۇن،

كىشى قالمايىن ماڭدىلار ئەر ـ خوتۇن.

قۇزى ھەم سېمىز قوينى قىلدى ئۈچا،

ئۈچا خان ـ تۇقاچ بىرلە باردى دۇچا.

كىيىپ ئەڭنىگە ئەندىجانچە لىباس،

قوتانچە قىلىپ سەللەسىنى ئاساس.

پۈتىغا كىيىپ مۇزائى ھەككە دار، — گۈللۈك، گۈل چەككەن

بېلىگە ئاسىپ خەنجەرى ئابدار. — ئۆتكۈر، پارقىراق

ئىچىگە كىيىم نىمچەئى بەقەسەم،

قىلىپ بىز تەرەپ ۋەھمى ئەندىشە ھەم.

تىزىپ خۇنغە كەلدى ئۈچا بىرلە نان،

جانابى سەيىد غازى ساھىپ قىران.

كېلىپ بارىگاھ ئىچرە بەردى سالام،

خوجام بەردى ئاندىن جاۋابى سالام.

سوراپ ئىستەدى قىلدى ئاندىن دۇئا،

قۇزى گىريە ئەيلەپ قىلىپ ئاھ - ۋاھ.                                        يىغا

كېلىپسىز بۇ يەرگە نە يەردىن دېدى،

دېدى زاتىڭىز قايسى شەھەردىن دېدى.

دادامىز كېلىپ ئەردى شەھرى بۇخار،

ئۆزى سوداگەر ئەردى ئەھلى تۇجار.

كى بولغان ئىكەن ئاقسۇدا جايدار،

مېنىڭدىن بۆلەك ئىككى پەرزەندى بار.

دادام ئالتە يىل بولدى قىلدى ۋاپات،

ئانامىز بۇ ۋاقىتلاردا باردۇر ھايات.

بۇ ئۆيدە نەچە ئەبرە ۋە نەبرەسى،

ئۆزۈمنىڭ بەش - ئالتە بالا بارقەسى.

دېدى تاققا كەلدىم تىجارەت ئۈچۈن،

كېلىپ ھەزرىتىڭگە زىيارەت ئۈچۈن.

كۆچادىن خوجام چىقتى ئىسلام ئاچىپ،

جاھاندىن ھەممە كۆپرۈ زۇلمەت قاچىپ.

كېلىپ باي ۋە سايرامنى ئالدى تامام،

تۇرۇپ خىزمىتىدە ھەممە خاسۇ ئام.

دېدى خۇش خەبەرنى پەقىر ئاڭلادىم،

غازاتقا پەقىر ئەمدى بەل باغلادىم.

جانابىڭغا كەلدىم كەلدىم پەقىر قوللارى،

باقۇرمەن ئەگەر بولسا دۆلدۈللارى.

مېنىڭكى مۇرادىم ئىرۇر سۇبھى - شام،

بەھەم بولسا خىزمەتتە تۇرسام مادام.

بەھەم = بىرلىكتە، مادام = ھەمىشە

مۇسۇلمانى كامىل ئىكەن قۇزى باي،

مۇڭا ئاش قويۇڭ بەئىدازان سىن چاي.

يۈرۈپ ئىككى كۈن باردى ھەر قايان،

بۇ لەشكەر بىلەن خۇرەمۇ - شادىمان.

تامام ئۆتتى ئۇ سىررى ئەسرارىنى،

دېيىشتى بۇلار رازى پىنھاننى.

ئارادا دىمەي ھېچ سۆز قالمادى،

بۇ جاسۇسلىقنى ھېچ كىشى بىلمەدى.

ئىرادە قاچان ئاقسۇغا ماڭغالى،

ھەمىشە مۇسۇلمانلار كىكىز تۇتقالى.

ھېكىم چېرىك بىلەن جامدا ياتۇر،

بۇ جامدىن بۇيان مىدىرغاننى تۇتۇر.

بۇ يىڭغاڭنىك ئالدىدا قۇردۇردى دار،

ئاسىغلىق ئۆلۈكلەر تۇرادۇر قاتار.

ئۆلۈبدۇر دېدى يۈزدىن ئارتۇق كىشى،

قەپەسدە تۇرادۇر كېسىلگەن باشى.

تىلەپ ھەزرەتىڭنى ھەمە چوڭ - كىچىك،

ئۆتەرگە يولى يوق، كېچەرگە كېچىك.

بۇ يەردىن ھايال بولمايىن ماڭسالار،

خوجام بىر بېرىپ ئاشۇنى ئالسالار.

ھەمە چولڭ - كىچىك ئەيلەشىپ ئارزۇ،

كى ھەزرەتلىرىنىڭ دىيدى ئاقسۇ.

قاراپ يولغا يولغا بولدى ھەممە مۈنتەزىر،

يىقىندۇر كۆزى ئەمدى بولغاي بەسىر. قارىغۇ

خوجامغا بۇ سۆزنى بىر - بىر دېدى،

بۇ تەدبىرنى ھەرگىز كىشى بىلمەدى.

نامازشام بىلەن بۇ سەگى بىپەدەر،

كېلىپ ئاق بۆلۈك يولغا كەتتى بەدەر.

ئۆتۈپ ئۇشبۇ قوچقار پاتماسىدىن، ئاقسۇدىكى يەر نامى

يۈرۈپ سائەتى ئۆتدى ئوغراقىدىن. ئاقسۇدىكى يەر نامى

ناماز ۋاقتىدا قارا يۈلغۈن كېلىپ،

ياتىپ سائەتى ئەندەك ئارام ئېلىپ.

بۇ تۆرتىنچى كۈن تۈش بىلەن جامغا.

يېتىپ كەلدىلەر ئۇشبۇ يىغىلغاغا.

چادىردا ھېكىم بەككە تەئىزىم قىلىپ،

بۇ هارماڭ دېدى قۇزىغا سۆزقاتىپ.

دېدى قىلدىڭىزمۇ خۇجامنى تاۋاپ،

كېلىپسىز قارارىدا كايىپ - جاۋاپ.

بۇ ۋاقتا دېدى خوجالار قاندادۇر،

چېرىكى دېدى قانچىلىك باردۇر.

ئىككى مىڭدىن ئازدۇر، مىڭدىن ئوشۇق،

بۇ چېرىكنىڭ ئالدىدا ئول بىر قوشۇق.

ئانىڭ ئاتلىقى ئاز، تولاسى ياياق،

يانا بىر تۈلۈم ئوزۇقى، بىر تاياق.

بۇ ئەل ئەسكەرى باي - سايرامدىن،

كېلىپتۇ بۇلار جاڭگالۇ - تاغدىن.

بۇ شەهيار، كۇچار كەتدى كورلا، بۈگۈر،

ئانىڭ ئازراقى بۇ تەرەپكە كېلۇر.

بۇ ملتىقۇ - ئوقياسى بەش يۈزچە بار،

ئانىڭدىن بۆلەك كەلگەندۇر هاشار.

ياتار مەنزىلىدۇر ھېلى شاختۇرا،

بۈگۈن ياكىلۇر ئەرتە يۈلغۈن قارا

بۇ ۋاقىتتا نوخشا دىگەن تاغدا،

يادا قىلدۇرۇپ ئوت قۇرۇش چاغدا.

بۇ قۇربان دىگەن ھەمەنىڭ ئۇستاسى،

ھەمە مالچىلانىڭ گۈل دەستىسى.

يادا قىلىۇر مالچىلار مال بېرىپ،

ئانى ھەم ئالۇر ئۆز مالىنى باقىپ.

ئۆزى ئەھلى دۆلەت ئىرۇر ئەغنىيا،

خىيالىم ئالىپ كەلسە قىلغاي يادا.

ھاۋانى تۇتۇپ قالسا ناگاھ جۇدۇن،

سۇ ئۇستىدە بولغاي بۇلار بىر قۇيۇن.

ئۇلارنىڭ ئىگىن - ئايىغى ھۆل بولۇر،

قىيانلار كېلىپ چۆللەر ھەم كۆل بولۇر.

چىقۇر كاردى ھەمە جابدۇق - ياراق،

ئۇلار ھۆل بولۇر ھەمە باشتىن - ئاياق.

پاناقاپ كىرەر ھەممىسى دالداغا،

شەبى خۇن ئۇرالى سالىپ كاللاغا. قانلىق كېچە، كېچىلىك ھۇجۇم

بۇ سۆزنى ئىشتىپ سايىد بەگ كۈلۈپ،

يانا قايتا باشتىن تىرىلدى ئۆلۈپ.

كېچەشلىك ئىكەنتۇق بۇ باي قۇزى،

دېدى زەرقى داغۇلىنىڭ نەق ئۆزى.

يېغى كەلمەدى ئۆرتەدى ۋەھمەسى،

بۇ تاغنىڭ ئۇزاقراق دېدى پەللەسى.

ئىبەرسە بېگىم دورغا يا كاھىنى،

سۈرۈپ كەلتۈرۈر ئۇشبۇ غەممازەنى. چېقىمچى

بۇ ماڭغان كىشى نىسبى شەبدە بارۇر،

ھايال بولماسا تۇش پېشىنگە كېلۈر.

ھېكىم بەگ ئەبەردى ئاڭا كاھىنى،

كى تەبىس قىلىپ بەردى دىڭماۋسىنى.

ئۇچار قۇش كەبى يۈردىلەر تېز - تېز،

تالڭ ئاتقۇنچە باردى قىلىپ دەستا خىز.

ياداچىغا يەتكۈردى كاھى ھۆكۈم،

توقۇلڭ ئاتىڭىزنى بارۇسىز چوقۇم.

كى ئانداغ يۈرۈپ تېز سۈرئەت بىلە،

بۇ جامغا تۆشتى پېشىن بىرلە.

كىرىپ كاھ بىلەن تۆردى تەئزىم ئېتىپ،

ئەجەپ كەلدىڭىز ياخشى ۋاقتتا يېتىپ.

دېدى قىل ھۈنەرنى ئىشلىك ئوخشاسۇن،

مابادا قىلىپ ئوخشاماي قالماسۇن.

قىلۇرمەن دېدى ساڭا كۆپ ئىلتىپات،

بۇ شۇڭقار، لاچىن، سېمىز يورغا ئات.

كېلىپ غۇسل ئەۋۋەل تاھارەت قىلىپ،

ياداچى چۈقۈر سۇغا كىردى بارىپ. يامغۇر ياغقۇزغۇچى

سېھرگەر

قولىغا ياداچى ئالىپ تاشنى،

مۇناجات ئوقۇپ تۆكتى كۆز ياشنى.

ياداچى يادا تاشنى چۆرۈپ تۇرۇپ،

ئوقۇپ ئايەتنى ئاسمانغا ھۇرۇپ.

كى بىر سائەت ئىچرە تۇتۇلدى ھاۋا،

بۇلۇت گۆكرەپ بولدى سۈيى ساما. ئاسمان تەرەپ

كۆكەردى ھاۋا ھەم بولۇپ نىل گۇن، نىل رەڭ

كى كۇندۇزكى كۇن گويا تېرە تۇن. قاراڭغۇ كېچە

ھاۋا ئۆزرە چاقماق چاقادۇر چاقنى،

كى دەريايى شۇردۇر گويا ھەر ئاقنى.

خوجام ئول كۇنى چۆلگە كىرگەن ئىدى،

ھاۋا بولدى سۇرۇپ كېتەرمىز دېدى.

خوجام پادىشا ئول كۇنى مەھپەدە،

ھەمە لاۋۇ ـ لەشكەر ئۇزۇن ۋەقپەدە. جاي ئىسمى

بۇ باشتىن ئاياغى ھەمە بولدى ھۆل،

ھەمە دەشتى چۆل سۇ تۇرۇپ كۆلۇ ـ كۆل.

نامازشام ۋاقتى بىلەن تۇشتى يولغا رابات،

ئۆز ھالىچە قالدى قايان قالدى ئات.

بۇلار ھەر بىرى تاپتى بىر خانەنى،

ئانى تاپماغان تاپدى بىر خانەنى.

بۇ كېچە مۇسۇلمانلار ئاراپ ئالىپ،

تۇرادۇر تاڭ ئاتقۇچى يامغۇر سالىپ.

تۈگىدى

بايانات : <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ھەرقانداق ئېلكتابنىڭ ئەسلى ماتىرىيالىنىڭ ئاپتۇرلۇق ھوقۇقى شۇ ماتېرىيال يوللانغان توربەت ھەم شۇ توربەتكە يوللىغۇچى ئاپتورغا مەنسۇپ !!!

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزۈپ چىققان ئېلكتابلار پەقەت ئۆگىنىش ۋە بىرقىسىم پايدىلانغۇچىلارنىڭ ئوقۇپ پايدىلىنىشى ئۈچۈن تورغا يوللاندى ، ئۇنىڭدىن باشقا سودا ئىشلىرى قاتارلىقلارغا ئىشلىتىش مەنئىي قىلىندۇ . ئەگەر قانۇنسىز باشقا ساھەلەردە ئىشلىتىلىپ بىرەر ئاقىۋەت كېلىپ چىقسا بارلىق ئاقىۋەتكە شۇ ئىشلەتكۈچى ئۆزى مەسئول بولىدۇ . <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بۇ جەھەتتە ھېچقانداق مەسئولىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئالمايدۇ !!!!!

يۇقىرىقىلاردىن باشقا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> تۈزگەن ھەرقانداق ئېلكتابقا نىسبەتەن پىكىر-تەلەپلىرىڭىز بولسا <<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> بىلەن بىۋاستە ئالاقىلاشسىڭىز بولىدۇ .

<<ئۇيغۇر ئېلكتاب گۇرۇپپىسى>> نىڭ QQ توپى : 55451683

2008 -يىلى 2-ئاينىڭ 6-كۈنى

تارىخ----بىز ۋە مىللەت ، بۈگۈن ۋە كەلگۈسى

شەندۇڭ---جىنەن